# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

12



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-12029-1

定价：12.00元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 12

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»

تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 12:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978—7—228—12029—1

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177986 号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿不都热合曼・艾白,艾合买提・伊明 |
| 责任编辑 | 艾合买提・伊明 |
| 责任校对 | 阿布勒孜・阿巴斯 等 |
| 封面设计 | 买买提・诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5 |
| 版　　次 | 2008 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 11 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 12

نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12029—1
باھاسى : 12.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە - ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن يامانىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىدى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



# مۇندەرىجە


قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز......1
ئېيىق سۇلتان ......22
خۇرشىد مەرگەن ......27
باتۇر قىز ......35
تادان بىلەن گول ......43
شاھزادە بىلەن ئالتۇنبېلىقنىڭ دوستلۇقى ......60
شاھزادە نەۋجاھان ......73
ئارزۇگۇل ......100
قانخور شاھنىڭ ھالاكىتى ......132
ئىلىم - ھېكمەتنىڭ خاسىيىتى ......138

# قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز

بۇرۇنقى زاماندا گۆر ئوغلى سۇلتان دېگەن بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، مەملىكەتنى گۈللەندۈرگەچكە، پۇقرالارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئەۋەزخان ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق، ئىرادىلىك ۋە باتۇر بولۇپ چوڭ بوپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ قىرىق يىگىتى بولۇپ، دائىم ئەۋەزخان بىلەن بىرگە شىكارغا چىقىدىكەن، جەڭ ماھارەتلىرىنى ئىگىلەيدىكەن.

پادىشاھ ئەۋەزخاننىڭ ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قىران يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش نىيىتىگە كەپتۇ ـ دە، ئوردا مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ ئۆز ئويىنى ئېيتىپتۇ. ئوردا مەسلىھەتچىلىرى تۈرلۈك مۇلاھىزىلەرنى قىلىشىپ، بىرقانچە قىزنى كۆرسىتىشىپتۇ. ئاخىر بايلىقتا غەنىي دەرىجىگە، ئۆلىمالىقتا ۋەلىي دەرىجىگە يەتكەن مىرئەلى دېگەن سودىگەرنىڭ گۈلچېھرە ئىسىملىك قىزىنى مۇۋاپىق كۆرۈشۈپتۇ. مەسلىھەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، مىرئەلىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، بۇ ئىلتىپاتقا مىرئەلى قۇللۇق بىلدۈرۈپ، توي تەييارلىقى باشلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەۋەزخان قىرىق يىگىتنى ئەگەشتۈ-

رۇپ شىكارغا چىقىپتۇ ۋە شىكاردىن قايتىپ گۈلچېھرەنى كۆرۈپ يانماقچى بوپتۇ. ئۇ مىرئەلىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ھەممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. كېيىن قىرىق يىگىتى بىلەن گۈلچېھرە تۇرىدىغان مېھمانخانىغا كەپتۇ. ئۇ مېھمانخانا بوسۇغىسىدىن ئۆڭ پۇتىنى ئېلىشىغا، مېھمانخانىدا قىرىق كېنىزەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان گۈلچېھرە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— ماڭا سەندەك گۆدەكلەرنىڭ كېرىكى يوق، ئۆز لايىقىڭنى تاپ! — دەپ ئاھانەت قىپتۇ. ئەۋەزخان ئالدىدا قىرىق كېنىزەك، كەينىدە قىرىق يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ، يا ئالدىغا ماڭالماپتۇ، يا كەينىگە يانالماپتۇ، ئاخىر بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. يىگىتلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋەزخاننى ئالدىغا چاقىرىپتۇ، ئەۋەزخان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرگەن پېتى ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەزىز ئاتا، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، ئۆز لايىقىمنى تاپمىغۇچە بۇ يۇرتتا تۇرمايمەن! — دەپ زار - زار يىغلاپتۇ.

گۆر ئوغلى سۇلتان تەختىدىن چۈشۈپ ئەۋەزخاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ ۋە يول تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۈچ كۈن يول تەييارلىقى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى پۈتۈن شەھەر خەلقى چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئەۋەزخان بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا:

— ئوغلۇم، «ئەر قانىتى ئات» دېگەن گەپ بار. مانا بۇ ئاتامدىن قالغان دۇلدۇلنىڭ بالىسى. يول ئۇزۇن، مەنزىل يىراق، سەن بۇ دۇلدۇلنى مىنىپ ئۆز بەختىڭنى ئۆزۈڭ تاپ، ئاتا - ئاناڭنى، تۇغۇلغان ئېلىڭنى ئۇنتۇما، ئامىن ئاللاھۇ

ئەكبەر ! — دەپ دۇئا قىلىپ، يىغلاپ يولغا ساپتۇ.

ئەۋەزخان ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، دۇلدۇلغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئارقىدا قاپتۇ. مې- ڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، چۆللەردىن كېيىن سايلار باشلىنىپ، جاھان قىزىپ كېتىپتۇ. ئىسسىق ۋە تەشنالىق ئەۋەزخاننىڭ ئىرادى- سىنى يېڭەلمەپتۇ. ئۇ چېكى كۆرۈنمەيدىغان سايدا ئات چاپتۇ- رۇپ كېلىۋاتقانىكەن، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئاق ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ۋاھ، بۇ قانداق ئىش؟ بۇ سايدا ئۆي نېمىش قىل- لىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئات چاپتۇرۇپ يېقىنلاپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئىنتايىن چوڭ ئاق سېپىل، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان دەرۋازىدىن ئاتلىق كىرىپتۇ. ئوتتۇرىسى كەڭ كەتكەن تۈپتۈز مەيدان، ئەتراپى بىر قانچە ھۇجرا، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ بىر ئۆي بولۇپ، ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ، مەيدان ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرغان ئەۋەزخان- نىڭ ئالدىغا چۈشۈپ بىر دومىلاپلا ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئەۋەزخان بۇ قىزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي گۈزەل، مەن گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئە- ۋەزخان بولىمەن، تەشنالىقىمنى قاندۇرۇپ، مەن بىللە يۇرتۇمغا بارسىڭىز، قانداق... — دەپ سۆز باشلاپتۇ. پەرى قىز سۆز قىلماپتۇ ۋە دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشىكى ئو- چۇق تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەۋەزخانمۇ دۇلدۇلنى بىر باستۇرۇپ، ئىككى باستۇرۇپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىغۇ- دەك بولسا، پۈتۈن بەدىنىنى قاپقارا تۈك باسقان بىر تۆمۈرچى تۆمۈر بازغانلاۋاتقۇدەك. پەرى قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئې- گىشىپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن بۇ قارا تۆمۈرچى پەرۋاسىز

هالدا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. پەرى قىز تەكچىدە تۇرغان چىلىمنى ئېلىپ تاماكا ساپتۇ ۋە قارا تۆمۈرچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ، لېكىن تۆمۈرچى يەنىلا قاپىقىنى ئاچماي، بىپەرۋا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن چىداپ تۇرالماي، يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان بولىمەن. مەندەك بىر شاھزادە بىلەن بىزنىڭ ئەلگە كەتسىڭىز، قانداق؟ سىزنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرايتتىم، — دەپتۇ. قىز يەنىلا سۆز قىلماپتۇ ۋە چىلىمنى تۆمۈرچىگە ئەكېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئارقىسىغا يېنىپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەپتۇ. ئەۋەزخانمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا كەپتۇ ۋە يەنە:

— ئەي گۈزەل قىز، مەن بولسام گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى بولىمەن. بۇنداق چۆلدە يۈرگۈچە بىزنىڭ گۈزەل يۇرتىمىزغا مەن بىلەن بىللە كەتسىڭىز، قانداق؟ — دەپ تەلمۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز ئەۋەزخانغا يەر ئاستىدىن بېقىپ:

— ئەي ئەۋەزخان، ئەھۋالىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان. سەن يەنە ئالتە يىلدىن كېيىن ئۆلىسەن، شۇڭا ئۆز بېشىمغا بالا تېرىپ، تۇل بولۇشنى خالىمايمەن. ئەجىلىڭ توشقۇچە ئۆز يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ - دە، بىرلا دومىلاپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەۋەزخان، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويمىسام بولاتتى، دېگەندەك، ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپتۇ. تاكى كۆك كەپتەر ئۇپۇق سىزىقىدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا: «مەن سېنى قەيەردىلا بولساڭ تاپىمەن» دەپ يولغا چىقىپتۇ. ساي تۈگىسە، چۆل باشلىنىپتۇ، چۆل تۈگىسە، يەنە ساي باشلىنىپتۇ، دەشت ـ باياۋان تۈگىمەپتۇ. ئەنە شۇنداق يول يۈرۈپ تۈپتۈز كەتكەن

بىر سايغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كۆك ئۆي كۆرۈنۈپ-
تۇ. ئۇ كۆك ئۆيگە يېقىنلاپ بېرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا،
دەرۋازىسى تاقاقلىق ناھايىتى چوڭ بىر كۆك سىپىل تۇرغۇ-
دەك. ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ كەتكەن ئەۋەزخان دەرۋازىنى قې-
قىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچى-
لىپ، كېلىشكەن بىر قىز چىقىپ دولدۇل ئۈستىدە تۇرغان
ئەۋەزخانغا سالام بېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئۇنىڭغا:

— چاڭقىغان يىگىتكە بىر يۇتۇم سۇيىڭىز بارمىدۇ؟ —
دەپتۇ. قىز يەنە تەزىم قىپتۇ ۋە:

— خېنىمدىن سوراي، — دەپ قايتىپ كىرىپ كېتىپ-
تۇ. ئۇزاق ئۆتمەي دەرۋازا ئېچىلىپ، تۆت گۈزەل قىزنىڭ
ھەمراھلىقىدا ئاجايىپ ياسانغان بىر قىز چىقىپ ئەۋەزخاننىڭ
ئالدىغا كەپتۇ، ئەۋەزخانمۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا
سالام بېرىپتۇ. قىز ئەۋەزخاننى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار
مېھمانخانىدا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپتۇ. قىزلار ئۇزمەي يەل-



يېمىش، قەنت ـ گېزەك، مەززىلىك تائاملارنى توشۇپ ئەۋەز-خاننى مېھمان قىپتۇ.

سۆز ئارىلىقىدا قىز ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چۆل-لەردە ياشىغۇچى مىرئەرەبنىڭ سىڭلىسى گۈلجامالخان ئىكەن-لىكىنى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بەرگەن يىگىتى بىر قېتىملىق ياۋغا-قارشى جەڭدە ھالاك بولغانلىقىنى، ھازىر ئۆزى چۆلدىكى مۇ-شۇ كۆك سېپىل ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەۋەزخانمۇ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىپتۇ. ئەۋەزخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان گۈلجامال ئۆزى-نىڭ بىلگەنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەۋەزخان ئۇچرىغان پەرىنىڭ يەتتە تاغنىڭ كەينىدىكى دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى يۇلتۇز پەرى ئىكەنلىكىنى، يۇلتۇز پەرىنىڭ تەزىم قىلغىنىنى ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن قارا دېۋە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە يۇلتۇز پەرىنىڭ ۋىسالىغا يېتەك تولىمۇ مۈشكۈل، شۇڭا يۇلتۇز پەرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شام پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى قولغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ يو-لىدا بارلىقىنى پىدا قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن ئەۋەزخان گۈلجامالدىن قۇندۇزنى قولغا كەلتۈرۈش ئامالىنى سوراپتۇ. گۈلجامالخان دوستانە مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ھازىر شام شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە گۈزەللىك جەھەتتە پۈتۈن دۇنياغا داڭقى چىقتى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەلنىڭ شاھزادىلىرى ئەلچىلەر ئە-ۋەتتى. بۇ ئەلچىلەرگە جاۋاب بېرىش شام شەھىرى پادىشاھىغا قىيىن چۈشكەچكە، ئۇ: «كىمكى باغداتقا كېلىپ، باغدات بىلەن شام ئارىسىدىكى ئات بەيگىسىگە قاتنىشىپ بەيگىدە ئۆتۈپ چىقسا، شۇنىڭغا قۇندۇز قىزىمنى ياتلىق قىلىمەن» دەپ جا-

كارلىدى. مۇشۇ جاكارغا ئاساسەن، ھازىر ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شاھزادىلىرى باغداتقا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ قاتاردا مېنىڭ ئاكام مىرئەرەبمۇ بەيگىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ بەيگىدە چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇ بەكمۇ مەرد يىگىت. شۇڭا، سىز ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسىڭىز، ئۇ بەيگىنىڭ ئۇتۇقىنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئۇ پاكار ئەرەب دۇلدۇلىغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىغان، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دوستلۇق ئۈچۈن مېنى ئارىغا سېلىڭ!

ئەۋەزخان بۇ بىر كېچىنى گۈلجامالخاننىڭ يېنىدا قىزغىن سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپتۇ. گۈلجامالخان ئۇنى ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپتۇ.

ئەۋەزخان سايلارنى، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ. باش ــ ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان تۈپتۈز كەتكەن چۆلدە ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىككىنە بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ دۇلدۇلنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپتۇ. قارىسا، ئورۇق جەدە بايتالغا مىنگەن، بېشىدا ئۇزۇن كۇلاھ، ئۈستىدە مىڭ خىل قۇراقتا تىكىلگەن جەندە، قولىدا تاياق تۇتۇۋالغان بىر دىۋانە ھە دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان، ھەرھالدا بىر ھەمراھقا يولۇقتۇم، يولدا ھەمراھ بىلەن زېرىكمەي ماڭىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا قاتارلىشىپتۇ ۋە: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى دىۋانىنىڭ چىرايىغا چۈشۈپتۇ، كۆرۈپتۇكى، ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق، ئېڭىكىدە بىرەر تال تۈكمۇ يوق، كۆزلىرىدە تىرىكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ھازىرلا گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىدەك بىر كوسا تۇرغۇدەك. ئەۋەزخان ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىۋېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ، لېكىن كوسا زۇۋان سۈرمەپتۇ ۋە ئارىلاپ ئەۋەزخانغا

قاراپ قويۇپتۇ. بۇلار ئۈچ كۈن بىرگە يول ماڭغاندىن كېيىن، بىر كۈنى سەھەردە كوسا ئەۋەزخاننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ ئۇ-نىڭغا قول ساپتۇ. كوسىنىڭ يامان غەرىزىنى سەزگەن ئەۋەز-خان بىر خەنجەر ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ جە-سىتىنى قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ قۇراق جەندىسىنى كى-يىپ، بايتالنى يېتىلەپ، دىۋانە قىياپىتىدە «باغدات قەيەردى-سەن؟» دەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ساي ئاخىرلىشىپ، دەل ـ دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئەۋەزخان خۇشال بولۇپ، باغداتقا يېقىنلىشىپتىمەن، دەپ، دۈلدۈلنى ئاستىلىتىپ باغدات شەھىرىگە قاراپ مېڭىپ-تۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپى چاتقاللىق بولۇپ، يول مېڭىش قىيىن ئىكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ، غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئېتىنى توختىتىپتۇ، قۇلىقىغا نۇرغۇنلىغان چىۋىننىڭ غو-ڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بوپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، گەدى-نىگىچە قۇماق باسقان بىر تاز: «مەن ئات تاپماي قويمايمەن، مەن ئات تاپماي قويمايمەن !» دەپ بېشىغا ئۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك، بېشىغا ھەربىر ئۇرغاندا مىڭلىغان چىۋىن «ۋاژ» قى-لىپ ئۇچىدىكەن، بېشىدىن قولىنى تارتسا، مىڭلىغان چىۋىن «ۋاژ» قىلىپ قونىدىكەن. ئۇ تازمۇ جىلە بولغان ھالدا ھېچ نەرسىگە قارىماي كېتىۋاتقۇدەك. ئەۋەزخان كۆڭلىدە، مەن ئات ئۇستىدە بولغاندىن كېيىن، ئۇ تاز يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ ماڭا يول بوشىتىپ بېرەر، دەپ ئاستا مېڭىپتۇ، لېكىن ئۇ تازمۇ ئۇدۇل كېتىۋېرىپتۇ. ئىلاجسىز قالغان ئەۋەزخان يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ، يول بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. تاز ئەۋەزخاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەۋەزخان بىردىنلا ئويلىنىپ قاپتۇ. باغدات شەھىرىگە كىرىشتە بىرىن-چى قېتىم يولۇققان كىشىم مۇشۇ، بۇنىڭدىن گەپ سورى-

ماي ئۆتۈپ كەتسەم، ياخشى بولماس، گەپ سوراپ ئاندىن ما-
ڭاي، دەپ، دۆلدۆلنى تېزگىنىدىن تارتىپ توختىتىپتۇ ۋە:
— ھەي تاز، ئىسمىڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز كەي-
نىگە قارىماستىنلا:
— ھەي قەلەندەر، مېنىڭ ئىسمىمنى سوراپ نېمە قىلاتـ-
تىڭ؟ بىلگۈڭ كەلسە، ئېيتىپ بېرەي، مېنىڭ ئىسمىمنى بۇ
شەھەردىكىلەر: «چاتاقچى تاز» دەيدۇ، — دەپ قويۇپ مېڭىۋې-
رىپتۇ. ئەۋەزخان، بۇ تازنىڭ «چاتاقچى تاز» دەپ ئاتالغىنىدىن
قارىغاندا قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
دوست بولايچۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:
— توختا ! سەن «ئات تاپماي قويمايمەن» دەيسەن، ئات
ساڭا نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھەي دىۋانە، سەن ئالەمدىن بىخەۋەر ئوخشايسەن. ھا-
زىر شام پادىشاھىنىڭ گۈزەل قىزىنى ئېلىش ئۈچۈن
باغداتتا ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇلماقچى. مەنمۇ ئەرلىك غورۇ-
رۇم بىلەن بۇ بەيگىگە قاتناشماقچىمەن، — دەپتۇ تاز. ئەۋەز-
خان ئۇنىڭغا:
— كەل، مانا بۇ بايتالغا مىنىۋال. بىز دوست بولايلى، —
دېگەنىكەن، تاز چاققانلىق بىلەن بايتالغا مىنگىشىپتۇ. بۇلار
خۇشال ھالدا باغداتقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. باغداتقا كىرىپ
كارۋان سارايغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، چاتاقچى تاز ئەۋەزخان-
نى بەيگىچىلەرنى تىزىملايدىغان مىرزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ
ۋە مىرزىغا قاراپ:
— ھەي مىرزا، بىرىنچى نومۇرغا چاتاقچى تاز، ئىككىن-
چى نومۇرغا قەلەندەر، دەپ يازغىن، — دەپتۇ.
مىرزا بۇلارنى كۆرۈپ يىرگىنىپتۇ ۋە:
— مىرزىخانىدىن چىقىش ! شاھنىڭ قىزى قۇندۇزنى

سەندەك تاز، دىۋانىلەرگە بەرمەيدۇ، ئۇنى شاھزادىلەر، بەگزادى-
لەر ئالىدۇ، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چاتاقچى تاز غەزەپلىن-
نىپتۇ ۋە بىر مۇشت بىلەن مىرزىنى يىقىتىپتۇ. بۇ خەۋەر
باغدات خەلىپىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. خەلىپە چاتاقچى تاز
بىلەن ئەۋەزخاننى ئوردىغا ئەكەلدۇرۇپ سوراق قىپتۇ. چاتاقچى
تاز خەلىپە ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:
ــ ئەي خەلىپە، سىلىنىڭ چىقارغان پەرمانلىرىدا: «كىم-
دەكىم بولسۇن، ئات بەيگىسىدە بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن، ئۇ-
نىڭغا شام پادىشاھىنىڭ گۈزەل قىزىنى بېرىمىز» دەپ جا-
كارلانغان. لېكىن، مىرزا پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ بىزنى
بەيگىگە تىزىملىماي قوغلىدى، ــ دەپ ئەرز قىپتۇ.
خەلىپە بۇ تازنىڭ ئەرزىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇلارنى قويۇپ
بېرىپتۇ.
ئوردىدىن چىققان چاتاقچى تاز ئەۋەزخاننى ئەگەشتۈرۈپ
مىرزىخانىغا يەنە كىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئۆز ئىسىملىرىنى ياز-



دۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، ئون بەش كۈنگىچە دەم ئال-غاچ، ئاتلىرىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان تۈت ياشار دۇل-دۇلنى يۈگەنسىز قويۇۋېتىپتۇ. دۇلدۇل خالىغان جايدىن ئوت-چۆپ يەپ، قايتىپ كېلىپ ئەۋەزخان تەييارلىغان بوغۇزنى يەپ، تۈكلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ. چاتاقچى تازنىڭ بايتىلى ئالدىغا ئەكېلىپ بەرگەن يەمنىمۇ يېمەي تۇرۇۋاپتۇ.

ئەتە بەيگە باشلىنىدۇ دېگەن ئاخشىمى ئەۋەزخان چاتاقچى تازنى چاقىرىپ:

— مېنىڭ ئۇيقۇم قاتتىقراق، ئەتە سەھەردە ئويغىتىۋەت-كىن، — دەپتۇ ۋە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

چاتاقچى تاز سەھەردە ئويغىنىپ قارىسا، نۇرغۇن چەۋەنداز ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇ ئالدىراپ بايتالنى توقۇپ مىنىپتۇ ۋە بىردىنلا ئەۋەزخاننىڭ ئاخشامقى گېپى ئېسىگە كېلىپ، بايتالنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەيلا:

— ھەي قەلەندەر، تۇر، ھەي قەلەندەر، تۇرمامسەن! — دەپ چاقىرىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئەۋەزخان ئويغانماپتۇ. تاز بىر ياقتىن ئاچچىقلاپتۇ، بىر ياقتىن باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشتىن ئەنسىرەپ كېتىپ قاپتۇ. ھەممە چەۋەندازلار كې-تىپ بولغاندىن كېيىن دۇلدۇل كىشنەشكە باشلاپتۇ، لېكىن ئەۋەزخاننى ئويغىتالماپتۇ. ئاخىر دۇلدۇل چىداپ تۇرالماي ئە-ۋەزخاننىڭ بەلۋېغىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ، ئەۋەزخان شۇ چاغ-دىلا چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ چاتاقچى تازدىن ئاغرىنغان ھالدا دۇلدۇلغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇنىنچى كۈنى چەۋەندازلار-نىڭ كەينىدىن يېتىشىپتۇ. ئۇ توختىماي چېپىپ ئون بەش كۈن بولغاندا، چاتاقچى تازنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەپتۇ ۋە:

— ھەي تاز، دوستلۇقنى بىلمەيدىكەنسەن، مېنى ئوي-غىتىۋەتسەڭ بولماسمىدى؟ — دەپتۇ. تازمۇ غەزەپلىنىپ:

— ھەي قەلەندەر، شۇنچىمۇ ئۇخلامدۇ كىشى؟ سېنى ئويغىتىمەن دەپ چەۋەندازلارنىڭ كەينىدە قالدىم، — دەپ ئەۋەزخانغا يېقىنلاپتۇ. ئەۋەزخان:

— ئۇنداق بولسا، تېز ماڭايلى، — دەپ، بايتالغا قامچا ئۇرۇپ تاز بىلەن بىرگە چېپىپتۇ، بايتال ھە دېگەنچىلا دۇلدۇلنىڭ كەينىدە قېلىۋېرىپتۇ. ئەۋەزخان ئىلگىرىلەپ، يىگىرمە كۈن بولدى دېگەندە پۈتۈن چەۋەندازلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ دۇلدۇلنى توختىماي چاپتۇرۇپ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنگە كەلگەندە، ئالدىدا يەنە بىر دۇلدۇلنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى قوغلاپتۇ. يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى دۇلدۇلنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپتۇ. قارىسا، پاكار ئەرەب دۇلدۇلغا مىنگەن، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغان كىشى ئىكەن، بۇ جەزمەن گۈلجامالخاننىڭ ئاكىسى مىرئەرەب، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەي، دەپ دۇلدۇلغا قامچا ئۇرۇپتۇ. ئۇ مىرئەرەبنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئەرەب دۇلدۇلى يولنىڭ ئوڭ تەرىپىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا يول بەرمەپتۇ. سول تەرەپتىن ئۆتەي دەپ سول تەرەپتىن كەلگەنىكەن، ئەرەب دۇلدۇلى يولنىڭ سول تەرىپىنى توسۇپ يول بەرمەپتۇ. ئامالسىز قالغان ئەۋەزخان ئۆز دۇلدۇلىغا ئەرەب دۇلدۇلىنى چىشلەپ يىقىتىشقا ئىشارەت قىپتۇ. دۇلدۇل ئەرەب دۇلدۇلىنىڭ ئارقا پاچىقىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئەرەب دۇلدۇلى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەۋەزخاننىڭ دۇلدۇلىنىڭ ئارقا پۇتىنى چىشلەپ ئۇنى يىقىتىپتۇ ۋە ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەۋەزخاننىڭ دۇلدۇلى زادىلا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەۋەزخان گۈلجامالنى ئارىغا سېلىپ دوست بولماقچى بوپتۇ

ۋە ئەرەب دۇلدۇلنى يېقىنلىشىپ:

— ئەي دوستۇم مىرئەرەب، سەن سىڭلىڭ گۈلجامالنىڭ يۈزىنى قىلىپ، دوستلۇق ئۈچۈن بەيگىنىڭ ئالدىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسەڭ قانداق؟ — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مىرئەرەب:

— سىڭلىم گۈلجامالنى ئارىغا سالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا سەن بىلەن دوست بولۇپ قالاي. ساڭا ئاقيول تىلەيمەن، — دەپ دۇلدۇلنىڭ بېشىنى تارتىپ ئەۋەزخانغا يول بېرىپ، ئۇنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپتۇ.

شام خەلقى: «بەيگىدە كىم ئۆتۈپ چىقىدىكىن؟» دەپ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يولغا چىقىپ تۇرغانىكەن، قارىغۇدەك بولسا، بېشىدا كۇلاھ، ئۈستىدە جەندە، قولىدا تاياق تۇتقان بىر قەلەندەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. كىشىلەر ھاڭ-تاڭ قېلىشىپتۇ، ھەر تۈرلۈك گۇماندا بولۇشۇپتۇ. بەزىلەر: «ئېھتىمال بۇ ساراڭ قەلەندەر يېرىم يولدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ سەپكە قوشۇلۇۋالغان بولسا كېرەك» دېسە، بەزىلەر: «ھەرھالدا بىرىنچى بولۇپ كەلگەندىكىن چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاش كېرەك» دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇنى چارباغدىكى مېھمانخانىغا باشلاپتۇ. ئەۋەزخان كېلىپ يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، باغداتتىكى مىرزا پۈتۈن چەۋەندازلارنىڭ كەينىدىن دەپتەرنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇ قەلەندەرنىڭ بەيگە تىزىملىكىدە ئىسمىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرگەنىكەن، چاتاقچى تاز دەرھال:

— ئەلۋەتتە بۇ قەلەندەرنىڭ تىزىمى بار، ئۇ باشقىلاردىن يېرىم كۈن كېيىن يولغا چىقىپ بىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن، — دەپتۇ. مىرزىمۇ شۇ زامات باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپتۇ. شام پادشاھى ئۆزىنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىنى كۆرمەكچى بولۇپ، خوتۇنى، قىزى ۋە ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ چارباغقا كىرىپتۇ.

مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بېشىدا كۇلاھ، ئۇستىدە جەندە، قولىدا تاياق تۇتقان بىر قەلەندەر ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن شاھ گەپ ـ سۆز قىلماي ئارقىسىغا يېنىپتۇ. لې- كىن، ئىشىك يوچۇقىدىن كۆز تاشلىغان قۇندۇز قەلەندەر كىيى- مى ئىچىدە ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ ھۆسنىگە ئاشىق بوپتۇ. پا- دىشاھ ئوردىغا قايتىپ، خوتۇنى ئارقىلىق قىزىغا مەسلىھەت ساپتۇ. قىز ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، بەيگىدە ئۇتۇپ چىققان كىشىگە تېگىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قىرىق كېچە- كۈندۈز توي قىلىپ، قۇندۇزنى ئەۋەزخانغا بېرىپتۇ. نىكاھ بولى- دىغان كۈنى ئەۋەزخان قەلەندەرچە كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، شاھزادىچە ياسىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. شاھ ئىنتايىن خۇشال بوپ- تۇ ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەۋەزخاننى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تە- يىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار ئىنتايىن خاتىرجەم كۈن كەچۈ- رۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئەۋەزخان بارغانسېرى ئو- رۇقلاپ خامۇش بولۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇندۇز ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، چۆلدىكى ئاق ئۆيدە يۇلتۇز پەرىنى يولۇقتۇرغانىدىم. ئۇ ماڭا: «سېنىڭ ئالتە يىللىقلا ئۆمرۈڭ قالدى» دېگەنىدى. ھازىر تۆت يىل ئۆتتى. يەنە ئىك- كى يىلدىن كېيىن مەن ئۆلسەم، سەن تول قالىسەن، شۇڭا ساڭا ئىچىم ئاغرىپ، غەمدىن ئورۇقلاپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇندۇز ئەۋەزخانغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇنىڭدىن تولا ئەندىشە قىلىپ كەتمەڭ. مەن چوڭ ئا- نامدىن: «پەرىنى سۆيگەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن يۇلتۇز پەرى بىلەن دوست، ئۇ پەيشەنبە

كەچتە مېنىڭ ھۇجرامغا كېلىدۇ، كېچىچە ئويۇن ـ تاماشا بىلەن تاڭ ئاتقۇزىمىز. سىز شۇ چاغدا ئۇنى بىر ئاماللاپ سۆيۈۋېلىڭ، — دەپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ. پەيشەنبە كۈنى كەچتە يۇلتۇز پەرى قۇندۇزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە قۇندۇز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. پاراڭ ئارىلىقىدا، يۇلتۇز قۇندۇزغا:

— سېنىڭ ئېرىڭ ئەۋەزخاننىڭ ئىككى يىللىق ئۆمرى قالدى، شۇڭا ئۇنى ياخشىراق كۈتۈپ كۆڭلىنى ئېلىۋال، — دەپتۇ.

قۇندۇز بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايغۇغا چۆمۈپ جىم بولۇپ قاپتۇ. بىھۇدە سۆز قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغان يۇلتۇز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېلەر پەيشەنبە كەچتە قۇندۇزنى ئۆزىنىڭ ماكانىغا تەكلىپ قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. ھەپتە ئۆتۈپ پەيشەنبە يېتىپ كەپتۇ. قۇندۇزنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئەۋەزخان قۇندۇزنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، قۇندۇزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئىككى قول كىرىپ ئەۋەزخاننى ئاچىقىپ كېتىپتۇ، بۇ يۇلتۇز پەرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇندۇزنى ئەكېلىش ئۈچۈن كەلگەن دىۋىلەر ئىكەن. ئۇلار ئەۋەزخاننى كۆتۈرۈپ يەتتە تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يۇلتۇز پەرىنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئەۋەزخان قارىغۇدەك بولسا، يۇلتۇز پەرى تەختتە ئولتۇرغۇدەك. دىۋىلەر ئەۋەزخاننى تەخت ئالدىغا ئەكېلىپ يەرگە قويۇپتۇ. ئەۋەزخان يەرگە يۈزىنى چاپلاپ دۈم يېتىۋاپتۇ. يۇلتۇز پەرى ئۇنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلسىمۇ، لېكىن ئەۋەزخان مىدىر قىلماپتۇ. يۇلتۇز پەرى تەختتىن چۈشۈپ:

— دوستۇم قۇندۇز، ئۆتكەنكى ئولتۇرۇشتا سېنى خاپا

قىلىپ قويدۇم، كەچۈرگىن، بۈگۈن سىنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالاي، تۇر ئورنۇڭدىن، — دەپ ئەۋەزخاننىڭ بېشىنى شۇنداق يۆلىشىگە، ئەۋەزخان بېشىنى كۆتۈرۈپلا يۇلتۇز پەرىنىڭ يۈزىگە بىرنى سۆيۈۋاپتۇ ۋە قايتا يۈزىنى يەرگە يېقىپ يېتىۋاپتۇ. پەرىلەرنىڭ قائىدىسىدە ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئىنسانغا سۆيدۈرمەيدىكەن، شۇڭا يۇلتۇز پەرى يېنىدىكى دىۋىگە قاراپ غەزەپ بىلەن:

— قۇندۇز ئەدەپسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن بەزدىم، ئۇنى دەرھال ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىۋەتكىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دىۋە ئەۋەزخاننى كۆتۈرۈپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئىشنىڭ قانداق ئاخىرلىشىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قۇندۇز ئەۋەزخاننى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەمدى سىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىز، — دەپ، ئۇنى يېنىشلاپ - يېنىشلاپ سۆيۈپتۇ. ئەۋەزخانمۇ خاتىرجەم بولۇپ، قۇندۇز بىلەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كېچىسى ئەۋەزخان «ئاھ...» دەپتۇ-دە، چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەۋەزخاننىڭ يېنىدا ياتقان قۇندۇز ئويغاق ئىكەن. ئۇ ئەۋەزخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاھ چېكىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەۋەزخان مەھبۇبىگە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ چۈشىدە ئۆز ئېلىگە بارغانمىش، دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتان بىلەن ئانىسى گۈلجاھان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاھ چېكىپ: «ئوغلۇم ئەۋەزخان، قاچان كېلىسەن؟ سېنى قاچان كۆرىمەن؟ سېنى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولارمۇ؟» دەپ زار - زار يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغانمىش. بۇنى كۆرگەن ئەۋەزخان: «ئاھ، دادام، ئاھ، ئانام!» دەپ ئۆزىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتقانمىش.

— سۆيۈملۈكۈم ! — دەپتۇ ئەۋەزخان ئايالىغا، — مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىل بولدى. چۈشۈمدە ئاتا - ئانامنىڭ مېنىڭ پىراقىمدا يىغلاپ، كۆزلىرىنىڭ كور بولغانلىقىنى كۆردۈم. رۇخسەت قىلساڭ، يۇرتۇمغا بېرىپ ئاتا - ئانامنى كۆرۈپ كەلسەم.

— بولىدۇ، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە باراي. ئالدى بىلەن ئاتامدىن رۇخسەت ئالايلى، — دەپتۇ قۇندۇز. ئاندىن ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆز تەلىپىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ رازىلىق بېرىپتۇ ۋە يول ھازىرلىدقىنى قىلىپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار بىرقانچە قېچىر مال - دۇنيانى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ، كۆپ يول بېسىپتۇ. بىر كۈنى چۆل - جەزىرىلەردىكى بىر قونالغۇغا چۈشۈپ قونۇپتۇ.

ئەۋەزخان سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىر ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ چېدىردىن كۆز يەتكۈدەك جايدا بىر بايراقنى كۆرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا دۆڭ تەرەپتىن بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ، ئۇنىڭ بىر قولىدا ئاق بايراق، بىر قولىدا بىر پارچە خەت بار ئىكەن. ئۇ چېدىر ئالدىغا كېلىپ خەتنى ئەۋەزخاننىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ - دە، توختىماستىن ئات چاپتۇرۇپ



كېتىپ قاپتۇ. ئەۋەزخان خەتنى ئېلىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭدا: «گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەۋەزخان! سەن بۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى بىزنىڭ شام پادىشاھىنىڭ قىزى قۇندۇزنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، نەرسىلىرىنى بۇلاپ كەتكەنىكەنسەن، شۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالتە يىلدىن بېرى بىر لەك قوشۇنىمىز بىلەن سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ ياتقانىدۇق. مانا ئەمدى يېتىپ كەپسەن، دەرھال قورالنى تاشلاپ بىزگە ئەل بولۇپ، ئالدىمىزغا كەل، بولمىسا، جەڭگە ھازىرلان!» دېگەن سۆزلەر يېزىلىپ، خەتنىڭ ئاخىرىغا دىۋانە شاھنىڭ مۆھرى بېسىلغانىكەن.

بۇنى كۆرگەن ئەۋەزخان خەتنى كۆتۈرۈپ قۇندۇزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئەۋەزخان دۇلدۇلغا مىنىپ، شەمشىرىنى ئېلىپ، دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى كىيىپ جەڭگە چىقىپتۇ، ئارىدا قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ.

جەڭ باشلىنىپ يەتتىنچى كۈنى، دۈشمەن تەرەپنىڭ لەشكەر باشلىقى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بارلىق لەشكىرىنى يىغىپتۇ ۋە:

— ئەي باتۇرلىرىم، بىز ئازلاپ كېتىۋاتىمىز، بۇ تەرىقىدە ئۇرۇشۇۋەرسەك ئەۋەزخاندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىز ھالاك بولىمىز، شۇڭا ياخشى تەدبىر كۆرۈشىمىز ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىڭلار، — دەپتۇ.

ھەممەيلەن جىم تۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر قېرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەۋەزخاننى مەخپىي ئۆلتۈرۈش كېرەك، — دەپتۇ. بۇ چارە لەشكەر باشلىقىغا يېقىپتۇ. «ئەۋەزخاننى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟» دېگەندە، يەنە ھېلىقى قېرى ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە قانلىق جەڭ باشلىنىپتۇ. ئەۋزخان ئات ئۈينىتىپ ئۇلارنى قىر - چاپ قىپتۇ، ئۇلار بىردىنلا قېچىشقا باشلاپتۇ. ئەۋزخان كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا بىر چوڭ تاشنىڭ دالدىسىغا مۆكۈۋالغان ھىيلىقى قىرى ئەۋزخاننىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ، ئوق ئەۋزخاننىڭ سول بىلىكىگە تېگىپتۇ. ئەۋزخان ئات ئۈستىدە يېنىچە بولۇپ قاپتۇ. دۇلدۇل دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ ۋە قۇندۇز تۇرغان چېدىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇندۇزنىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەھىمە چۈشكەندەك بولۇپ سىرتقا چىقىپتۇ، قارىسا، ئەۋزخان دۇلدۇلنىڭ ئۈستىدە يېتىپ قالغان. ئۇ ئەۋزخاننى دۇلدۇل ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ چېدىرغا ئەكىرىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئۆزى كىيىپتۇ، ئەۋزخاننىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى قورال - ياراغلارنى ئېلىپ، دۇلدۇلغا مىنىپ دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئەۋزخاننىڭ ساق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپتۇ، ھەر كۈنى جەڭ مەيدانلىرىدا ئايلىنىپ دۈشمەنگە ۋەھىمە سېپتۇ. ئەۋزخاننىڭ يارىلانغانلىقىغا يەتتە كۈن بولغان كۈنى ئۇنىڭ كېسلى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. قۇندۇز نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۈمىدسىز ھالدا چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن بىر توپ كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ چېدىرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ ۋە بىر دومىلاپ بىر توپ قىزغا ئايلىنىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يۇلتۇز پەرى ئۆزىنىڭ قىرىق كېنىزىكىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىكەن.

قۇندۇز يۇلتۇز پەرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن پەرى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماي، كېنىزەكلىرىگە ئىشارەت قىپتۇ. قىزلار ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. يۇلتۇز پەرى بولسا توپنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇسسۇل

ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇز بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ زار قاقشاپ يىغلاپتۇ. چۈش بولغاندا، يۇلتۇز پەرى بىر ئىشارەت بىلەن قىزلارنى ناخشا ئېيتىشتىن توختىتىپتۇ ۋە قۇندۇزغا قاراپ:

— قۇندۇزئاي، ئاڭلاپ تۇرغىن، ئەۋەزخاننىڭ ئەجىلى توشتى، ئۇ بۈگۈن چۈش ۋاقتىدا ئۆلىدۇ، سەن تۇل بولۇپ دۈشمەنلەرگە ئەسىر بولىسەن. بۈگۈن سېنىڭ يىغلايدىغان، بىزنىڭ كۈلىدىغان كۈنىمىز. قېنى، سەن يىغلا، بىز كۈلەيلى، — دەپ كېنىزەكلەرگە ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار ناخشا باشلاپتۇ، يۇلتۇز پەرى قاتتىق كۈلۈپ، ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. قۇندۇزنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقىپ ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قاپتۇ. چۈش قايرىلىپ، كۈن ئېگىلىپتۇ. شۇ چاغدا يۇلتۇز پەرى ئىشارەت قىلغانىكەن، قىزلار توختاپتۇ. يۇلتۇز پەرى غەمكىن ھالەتكە ئۆتۈپ قۇندۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە تەزىم قىلىپ:

— ئەي دوستۇم قۇندۇز، سۆيۈملۈكۈڭ ئەۋەزخان ئۆلمىدى، ئۇ ئەمدى ئۆلمەيدۇ، بۇنىڭدا بەلكىم بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ. قۇندۇز يىغىدىن توختاپتۇ ۋە مەردانە ھالدا:

— ئېسىڭدە بارمۇ، سەن مېنى كۈھىقاپقا ئېلىپ بارغىنىڭ؟ شۇ ۋاقىتتا دىۋىلىرىڭ مېنى ئەمەس، ئەۋەزخاننى ئېلىپ بارغان. ئۇ ساڭا ئاشىق بولغاچقا، سېنى تەشنالىق بىلەن سۆيۈۋالغان، — دەپتۇ. يۇلتۇز پەرى كۈلۈمسىرەپ:

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە پەرى قىز ئۆزىنى سۆيگۈچى يىگىتكە چوقۇم تېگىشى كېرەك، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ مەن ئەۋەزخاننىڭ نىكاھىدا، — دەپتۇ ـ دە، كېنىزەكلەرگە كۈھىقاپقا قايتىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە ئۆزى چېدىرغا كىرىپتۇ. ئارقىدىن قۇندۇزمۇ كىرىپتۇ. يۇلتۇز پەرى بولسا ئەۋەزخاننىڭ سول قولىنى ئۆزىنىڭ سول قولىنىڭ تۆپىسىگە قويۇپ، ئوڭ

قولىغا ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئۇرۇپ، جاراھەتنى سىلىغانىكەن، ئەۋەزخان ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىككى قىز ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ. ئەۋەزخان ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن دۇلدۇلغا مىنىپ دۈشمەن بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ يولنى بوشىتىپتۇ ۋە دادىسىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ نۆۋەت سەپەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ. ئەۋەزخان ئۆز يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن شەھەر خەلقى ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان دادىسى گۆر ئوغلى سۇلتاننى، ئانىسى گۈلجاھاننى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ، گۆر ئوغلى سۇلتان، گۈلجاھان تەڭلا:

— ئاھ بالام، سېنىڭ دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆزلىرىمىز كور بولدى، ئەمدى سېنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق، — دېيىشىپتۇ. شۇ ھامان يۇلتۇز پەرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولىغا ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ئۇرۇپ، پادىشاھ ۋە گۈلجاھاننىڭ كۆزلىرىنى سىلىغانىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يورۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئەۋەزخانغا ئېتىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ، ئاندىن قۇندۇز ۋە يۇلتۇزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. گۆر ئوغلى سۇلتان ئوغلى ئەۋەزخاننى شاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلىپ:

— سەن ئۆز بەختىڭ يولىدا ئىزدىنىپ مۇرادقا يەتتىڭ، ئەمدى سېنى خەلق ئارزۇلايدۇ، خەلقنىڭ ئارزۇسى يولىدا ئىزدەن، — دەپتۇ. ئەۋەزخان:

— خوپ، ئاتا، ئېيتقانلىرى بولسۇن، — دەپ شاھلىق تەختىگە چىقىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز خەلقىنى باياشات، ئەركىن تۇرمۇشقا ئېرىشتۇرگەنىكەن.

# ئېيىق سۇلتان

زامانىنىڭ زامانىسىدا، قويۇق ئۆسكەن ئورمان ياقىسىدا بىر خىلۋەت مەھەللە بار ئىكەن. بۇ كىچىك مەھەللىنىڭ پۇقرالىرى ناھايىتىمۇ ئۆم - ئىناق ياشايدىكەن. ئۇلار يېقىن جايدىكى تاغقا بېرىپ ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۆز تۇرمۇشلىرىنى قەدىر ئەھۋال قامدايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ كىچىك مەھەللىدىن بىر توپ قىزلار تاغقا ئوتۇن تەرگىلى بېرىپ قاپتۇ. قىزلار چۇرۇقلىشىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە تاغنىڭ باغرىدىكى قارىغايلارنىڭ ئوشتۇلۇپ كەتكەن قۇرۇق - قاقشال شاخلىرىنى تېرىپ توپلاپ، ئۇنى باغلاپ، ئۆيلىرىگە كېتىشكە تەييارلىنىپتۇ.

بۇ تاغقا ئوتۇن تەرگىلى كەلگەن قىزلار ئىچىدە نازىگۈل ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ، ئۇ قىزمۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش ئوتۇنلىرىنى باغلاپ كېتەي دېسە، ئوتۇنلارنى باغلايدىغان ئارغامچىسى يوق تۇرغۇدەك. نازىگۈل ئارغامچىسىنى ئۇزاق ئىزدەپتۇ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئارغامچىنى يوقىتىپ قويغانلىقىغا ئىچى تىت - تىت بولغان نازىگۈل ئارغامچىنى ئىزدە - ئىزدە ئاخىر دوستلىرىدىن ئايرىلىپ يىراقلىشىپ كېتىپتۇ. نازىگۈل ئوتۇن تەرگەن تاغنىڭ باغرىغا بېرىشىغا، تۇيۇقسىزلا دەرەخنىڭ كەينىدىن يوغان بىر ھەيۋەتلىك ئېيىق چىقىپ

قىزنى كۆتۈرۈپ ئورمان ئىچىگە قېچىپتۇ. بىچارە نازىگۇل ھەرقانچە ۋارقىراپ - جارقىراپ ئادەم چاقىرسىمۇ، ئېيىقنىڭ چاڭگىلىدىن زادىلا قۇتۇلالماپتۇ. نازىگۇل بۇ ئاجايىپ غەلىتە، تىلسىز مەخلۇقتىن قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، نازىگۇل ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئاجايىپ مەنزىرىلىك گۈزەل شىپاڭدا ياتقۇدەك، يېنىدا شۇنداق قەددى - قامەتلىك، رۇستەمدەك بىر يىگىت قىزنى يەلپۈپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ بىر جۈپ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقنىغاندەك بولۇپ، قىزدىن ئەپۇ سورىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. نازىگۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سىز كىم بولىسىز، بۇ قەيەر؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت مۇشۇ تاغدا ياشايدىغان ئورمان پادىشاھىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئىسمىڭىز كىم؟ — سوراپتۇ قىز يىگىتتىن.

— ئىسمىم ئەخمەت، — دەپتۇ يىگىت.

— مەن ئوتتۇن تەرگىلى چىقىپ بىر ئېيىققا يولۇقتۇم، سىز مېنى قانداق قۇتقۇزدىڭىز؟ — دەپتۇ قىز.

— سىزنى ئېلىپ كەلگەن قارا ئېيىقنىڭ ئۆزى دەل مەن بولىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— بۇ ئىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن جەريانىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ قىز. يىگىت:

— مەن سىزگە ئۇزۇندىن بېرى ئاشىقى بىقارار ئىدىم، لېكىن مېنىڭ تىلسىم قىلىنغان ئېيىق ھالىتىمنى كۆرسىڭىز، ئۇ چاغدا قورقۇپ ماڭا يېقىنلاشمايدىغانلىقىڭىزدىن ئەنسىرەپ، ئاخىر مۇشۇ ئامال بىلەن سىزنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپ بولۇپ، قىزدىن ئەپۇ سوراپتۇ.

ئۇلار ئىككىسى مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئۆزئارا چوڭشىنىش ھاسىل قىپتۇ. يىگىت قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ. نازىرگۈلمۇ يىگىتنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن، يالقۇنلۇق مۇھەببەت نالىلىرىدىن يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ، شامدەك ئېرىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق بىرلىكتە يىگىتنىڭ ئاتىسى — ئورمان پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن سالامغا كىرىپتۇ.

ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان پادىشاھنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ. پادىشاھ يۇرت خەلقىگە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز شاھانە توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ نازىگۈل بىلەن ئەخمەت كۆيۈمچان ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ، كۈن ـ تۈنلىرىنى شاد ـ خۇرام، كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. قىز بىلەن يىگىت ئەنە شۇنداق ئۆتۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاڭلايلى:

نازىگۈل بىلەن ئوتۇن تەرگىلى چىققان قىزلار نازىگۈلنىڭ ئارغامچىسىنى ئىزدەپ ئورمان ئىچىدە يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا دەرھال يەتكۈزۈپتۇ. نازىگۈلنىڭ كۆيۈمچان ئاتىسى بىلەن مېھرىبان ئانىسى قىزىنىڭ دەردىدە زار ـ زار يىغلاپ، ئورمانلىقنى بىرقانچە قېتىم ئىزدەپمۇ قىزىنى تاپالماپتۇ. ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ كەينىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئايلارنىڭ كەينىدىن يىللار ئۆتۈپ، ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، نازىرگۈل تۇيۇقسىزلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئوماققىنا بىر ئوغۇل بىلەن چىرايلىققىنا بىر قىزنى يېتىلەپ كىرىپتۇ. نازىرگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كۆزلىرىگە ئىشەنمەي: «ئاھ بالام، جان قوزام» دەپ، قىزىنى ئاتا ـ ئانىلىق مېھرى بىلەن باغ-

رىغا بېسىپ يىغلاپ تۇرۇپ كۆرۈشۈپتۇ. قىز ئاتا ـ ئانىلىرى
بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىككى نەۋرىسىگە
قارىغانسېرى كۆزلىرى تويماپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى باللىرىنىڭ
ئاتىسىنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئې-
رىنىڭ تىلسىم قىلىنغان ئېيىق بولغانلىقى ئۈچۈن بىللە
كېلەلمىگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن
كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتىپتۇ. نازىگۈلنىڭ ئانىسى ئېيىق كۈي-
ئوغلىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن قانداق
ئۇچراشقىلى بولىدىغانلىقىنى تەپسىلىي سوراپ بىلىۋېلىپ
ئۇخلاپ قاپتۇ.

يېرىم كېچىدە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىغا تۇيغۇزماي
ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزى ئېيتىپ بەرگەن تاغ باغرىدىكى ئور-
مانغا بېرىپ: «ئېيىق سۇلتان !» دەپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن
ئۈچ قېتىم ۋارقىراپتۇ. «ئېيىق سۇلتان» دەرھال يېتىپ كەپ-
تۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تەييارلاپ كەلگەن ئۆتكۈر ئايپال-
تىسى بىلەن ئېيىقنى چاناپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىپ، قى-
زىغا بىلىندۇرمەي ئۆيىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. قىزنىڭ ئۈچ
كۈنلۈك مۆھلىتى توشۇپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ،
ئىككى بالىسىنى ئېلىپ ئورمانغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆز-
لىرى بەلگە قىلىشقان جايغا كېلىپ: «ئېيىق سۇلتان» دەپ
ئۈچ قېتىم ۋارقىرىسىمۇ، ئېيىق كەلمەپتۇ. قىز باللىرىنى
يېتىلەپ تاغ باغرىدىكى ئورمان ئىچىگە كىرىپ قارىسا، ئېرى
پارچە ـ پارچە بولۇپ ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن نازىگۈل زار ـ
زار يىغلاپ، پۈتۈن ئورمانلىقنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. نازى-
گۈل يىغلاپ ـ يىغلاپ، باللىرىغا قاراپ: «ئاھ خۇدا، ئۆڭكۈر
بولسىمۇ ئۆيۈم بولسىدى، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسىدى»
دەپ، ئاھ ئۇرۇپ خۇداغا نالە قىلىپ، كاككۇك بولۇپ پىغانلىق

سايراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئوغلى تۆمۈرتۈمشۇق قۇشقا ئايلىنىپ، دادىسىغا ۋاپادار بولۇش ئۈچۈن ئورمانىنى ئاسراپ، قىزى قارلىغاچقا ئايلىنىپ، كىشىلەرگە پايدىلىق قۇش بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتىكەن.

«ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسىدى، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسىدى» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



# خۇرشىد مەرگەن

بۇرۇنقى زاماندا ئىدىقۇت خانلىقىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھ ئىلىم ئەھلى، باتۇر، مەرگەنلەرنى ھۆرمەتلەيدىكەن ھەم ھەممىسىنى مۇۋاپىق ئىشقا قويىدىكەن، پۇقرالارغا زۇلۇم سالماي، باج - سېلىقنى ئېغىرلاتماي، تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلغانىكەن. پادىشاھلىق شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن زامانلار دەۋر سۈرۈپتۇ.

خانلىقنىڭ بۇنچە پاراۋانلىق تۇرمۇشىغا ھەسىتى قوزغالغان كۆھىقاپتىكى قارا دىۋە يۇرتنى خانىۋەيران قىلىپ، ئىنسۇجىنلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندۇرۇپ كۆڭلىنى شاد قىلماق ئۈچۈن پادىشاھلىق زېمىنىغا قەدەم بېسىپتۇ. قاچانكى ئۇ بۇ زېمىنغا قەدەم باستى، يۇرت خارابىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. قارا دىۋە بارغانلا يېرىدە ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ھايۋانلارنى يەپ، دەل - دەرەخ، ئۆي - ۋاران، ئوت - چۆپ، زىرائەتلەرنى ئاغزىدىن ئوت پۈۋدەپ كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىپ، خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

يۇرت ئەھلى بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ يۇرتنىڭ ئامانلىقى، پۇقرالارنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئوردا ئىچىدىكى «مەنمەن» دەپ يۈرگەن پالۋانلارنى، مەرگەنلەرنى لەشكەرگە باش قىلىپ، قارا دىۋىنى يوقىتىش ئۈچۈن يولغا



ساپتۇ....
ئۇزۇندىن بې-
رى ئوردىدا بە-
كار يۈرۈپ مە-
شىق قىلمىغان
ياكى ئوقيانىڭ
كىرىچىنى تارتىپ
باقمىغان مەر-
گەن، پالۋانلار
ئوقيالىرىنى بەت-
لەپ قارا دېۋىگە قارىتىپ ئوق ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلارنىڭ ئوقلىرى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارالماي، ئۆز
جېنىنى دېۋىگە سېلىپ بېرىپتۇ. دېۋە ئورنىدىن سىلجىماي
تۇرۇپ پالۋان، مەرگەنلەرنى يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ، قالغان لەش-
كەرلەرنى بولسا ئاغزىدىن قارا بوران چىقىرىپ ئۇچۇرۇپ تى-
رىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ...

دېۋىنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان قالغانلىرى پادىشاھقا بولغان
ئىشتىن خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئۆزىنىڭ مەرگەن، پالۋانلىرىغا
ئىشەنچ باغلاپ، ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرغان پادىشاھ بۇ شۇم خە-
ۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ھەم ئويغا چۆكۈپتۇ. پادىشاھ
ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ،
ئۆزىگە يېقىن ۋەزىردىن بىرنى چاقىرىپ:

— مەن يۇرت بېشى، مەن يۇرتنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ئو-
تىدا كۆيمىسەم، مېنىڭ نېمە كېرىكىم؟ ! شۇڭا مەن يۇرتقا
كەلگەن بۇ بالا - قازانى يوقىتىش چارىسىنى تاپمىسام بول-
مايدۇ. سەن مەن كەلگۈچە يۇرتنى ئادىل سوراپ، مېنىڭ يوق-
لۇقۇمنى چاندۇرماي، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتكىن، — دەپ،

پۈتۈن يۇرتنىڭ تەقدىرىنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى باشقىلار-غا تۇيدۇرماي ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ...

پادىشاھ پۇقراچە كىيىنىپ ئوردىدىن ئايرىلىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ كوچمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي ئارىلاپ پۈتۈن يۇرتنى كېزىپ چىقىپتۇ، لېكىن بىرەر مۇۋاپىق تەدبىر، مۇۋاپىق ئادەم تاپالماي، بېشىنىڭ ئىچى-تېشى قېتىپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، يۇرتنىڭ تاغ-داۋانلىرىنى، ئويمان - دۆڭلىرىنى كېزىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ شۇنداق ئاخىرى چىقماس يولغا كىرىپ، يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، تاغ ئارىسىدىكى ئورمانغا كىرىپ قاپتۇ. بۇ ساپ ھاۋالىق جاي غەشلىككە تولغان كۆڭلىگە بىرئاز ئارام بېرىپ، ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئۇخلىماقچى بولۇپ يېتىپتۇ.

ئۇ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ يېتىپ تۇرسۇن، بىز گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

بۇ تاغ ئىچىدىكى ئورماندا خۇرشىد ئىسىملىك ئوۋچى ياشايدىكەن، ئوۋچىلىق ئۇنىڭ ئاتا كەسپى ئىكەن، ئۇ ئۇستا مەرگەن ئىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ساپ نىيەت كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدى-كەن، شۇڭا ئۇ يۇرتتىن ئايرىلىپ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ بۇ تاغ ئىچىگە كىرىپ، بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ يەر ئې-چىپ، بوش چاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ ياشاپ كېلىۋاتقانىكەن.

پادىشاھ ئورمانلىق ئىچىگە كىرگەن كۈنى خۇرشىدمۇ ئوۋغا چىققانىكەن. ئۇ ئورمانلىقتا بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ يېقىن بېرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم بەھۇزۇر ئۇخلاپ ياتقان. ئويغىتىۋېتەي دېسە، ئۇيقۇسىنى بۇزۇشقا كۆڭ-لى ئۇنىماپتۇ، تاشلاپ كېتەي دېسە، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زى-يانكەشلىكىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئەپچىل-

لىك بىلەن يۇدۇۋېلىپ، تۇيدۇرماي ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۆيىگە ئاپىرىپ ئاستىغا كۆرپە، بېشىغا ياستۇق قويۇپ ياتقۇ-زۇپ قويۇپ، ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بىرھازادىن كېيىن ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ ئورمانلىقتا ئەمەس، ئۆي ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ، دەپ چۆچۈپ ئور-نىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئاتا-بالا ئۇچەيلەننى كۆرۈپ:

— بۇ مېنىڭ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ مەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ئوڭلىرى، مېھمان، — دەپتۇ خۇرشىد مەرگەن ھەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، بولغان ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ خۇرشىد مەرگەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بوپتۇ. خۇرشىد مەرگەن ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ تاماق كەل-تۈرۈپتۇ. تاماق ئۈستىدە پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، بۇ تاغ-دەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. خۇر-شىد مەرگەن پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— باشلىرىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپتۇ. نىيەتلىرى تۈز ئى-كەن، خۇدا مەدەت قىلار. سىلى بىزگە مېھمان، خاتىرجەم ھاردۇقلىرىنى ئالسىلا، باشقا ئىشلار كېيىنچە بىر تەرەپ بولار، — دەپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ پادىشاھنى مېھمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ يېتىپ ئارام ئېلىپ قاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇرشىد مەرگەن چوڭ بىر ئار-قارنى مۈرىسىگە ئارتىپ كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا، ئوق ئارقارنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكەن-كەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ، خۇرشىدنىڭ ئۇستا مەرگەن ئى-

كەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بوپتۇ. خۇرشىد مەرگەن هايال بولماي گۆشنى پىشۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ گۆش يەپ ئولتۇرۇپ، خۇرشىد مەرگەندىن:

— مەن ئۇستا مەرگەن، پالۋانلارنى مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ھۇزۇرۇمدىن ئورۇن بەرگەن تۇرسام، سىز نىمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ يالغۇز ياشاشنى خالاپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. خۇرشىد مەرگەن كەمتەرلىك بىلەن:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، پىچاقنى بىلەپ تۇرمىسا، دات باسىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلا؟ ھۈنەرمۇ شۇنداق، دائىم مەشىق قىلىپ ھەم ئىشلىتىپ تۇرمىسا، كامالەتكە يەتمەك ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كارغا كەلمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ خۇرشىد مەرگەننىڭ نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا قايىل بوپتۇ.

ئەتىسى خۇرشىد مەرگەن يەنە ئوۋغا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ماھارىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ:

— خۇرشىد مەرگەن، مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتتىم، ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەم، — دەپتۇ. خۇرشىد مەرگەن مېھماننىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، پادىشاھنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ چىقىپتۇ.

ئۇلار ئۇزۇن ماڭمايلا، خۇرشىد مەرگەن كۆز يەتكۈسىز يەردىكى بىر قارىنى پادىشاھقا كۆرسىتىپ:

— ئەنە، ئۇ كېيىك، سىلى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرسىلا، — دەپ پادىشاھنى بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى بىر دۆڭنى ئەگىپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا چاتقاللىق ئارىسىدىن تورپاقتەك چوڭلۇقتىكى بىر

يولۋاس نەرە تارتىپ چىقىپ پادىشاھقا ئېتىلىپتۇ. خۇرشىد مەرگەن يولۋاسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغۇدەك بولسا، پادىشاھ بىلەن يولۋاسنىڭ ئارىلىقى بىر چامدامچە قالغانىكەن. خۇرشىد مەرگەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىدىغان خېيىمخەتەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئوقيادىن ئوق ئۈزگەنىكەن، «ۋىش» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يولۋاس سەت خارقىراپ ئورنىدا سۇنايلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ھوشىنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسا، يولۋاس قانغا مىلىنىپ ياتقۇدەك. ئوق يەنە يولۋاسنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكەنىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ خۇرشىد مەرگەننىڭ مەرگەنلىكىگە چىن دىلىدىن قايىل بوپتۇ ھەم جېنىنى ساقلاپ قالغانلىقىغا دىلى سۆيۈنۈپ، قارا دېۋنى يوقىتىدىغان پالۋان مۇشۇ ئىكەن، دەپ ئويلاپ، خۇشاللىقىدىن خۇرشىد پالۋاننى قۇچاقلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئوۋ ئوۋلاپ بولۇپ قايتىپ كەپتۇ.



ئۇلار ئەتىسى ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپ يەنە پاراڭغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ گەپ ئارىلاپ:

— مېنىڭ ئىزدىگەن ئادىمىم سىز ئىكەنسىز، سىز

بېرىپ يۇرتنى، خەلقنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرسىڭىز، — دەپ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ. خۇرشىد مەرگەن، يۇرت خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازا — مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بالا ـ قازا، دەپ ئويلاپ، پادىشاھنىڭ تەكلىپىدىن باش تارتماپتۇ.

خۇرشىد مەرگەن ئايالى، بالىسىنى ئېلىپ پادىشاھ بىلەن بىرگە يۇرتقا مېڭىپتۇ. ئۇلار يۇرتقا بېرىپ كاتتا كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بوپتۇ. خۇرشىد مەرگەن ئايالى بىلەن بالىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قارا دىۋىنى يوقىتىشقا ئاتلىنىشنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ خۇرشىد مەرگەنگە بىرمۇنچە لەشكەرنى قوشۇپ يولغا سالماقچى بولغاندا، ئۇ:

— پادىشاھىم، سىلىمۇ بىز بىلەن بىرگە بارسىلا، — دەپ، پادىشاھنىمۇ بىرگە بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ «ياق» دەي دېسە، بۇ ئىشتىن باش تارتقان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېرىشقا قوشۇلۇپتۇ.

ئۇلار قارا دىۋىنى يوقىتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى كۆپ يول يۈرۈپتۇ. يول يۈرۈپ، قارا دىۋە ۋەيران قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن يۇرت ـ مەھەللىلەرنىڭ ئىس ـ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلغاندا، باشقا لەشكەرلەرنى شۇ يەردە قويۇپ، پادىشاھ بىلەن ئىككىسى يولنى داۋام ئېتىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى ئالاھازەل بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، قارا دىۋىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئاتلىرىنى شۇ يەردە ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ پىيادە مېڭىپتۇ. ئالاھازەل قارا دىۋىنى چاقىرسا، ئۈن يەتكۈدەك يەرگە كېلىپ توختاپتۇ. بۇ چاغدا خۇرشىد مەرگەننىڭ يادىغا ئاتىسىنىڭ: «ئەگەر خەتەرلىك رەقىبىڭگە يولۇقساڭ، بىر پاي ئوق بىلەن ئۇجۇقتۇر، قايتا ئوق ئۇزمە...» دېگەن ۋەسىيىتى كېلىپ، ئاتام ئېيتقان خەتەرلىك

رەقىبىم مۇشۇ ئۇخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، قارا دىۋە ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، قاتتىق نەرە تارتىپ، ئاسمان - پەلەك توپا - چاڭ توزۇتۇپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. خۇرشىد مەرگەن بۇنى كۆرۈپ ھېچبىر تەمتىرىمەي يېنىدىن ئوقيانى ئېلىپ، ئوقنى سېلىپ كىرىچىنى تارتىپ، جان يېرىنى چەنلەپ ئاتقانىكەن، ئوق دەل جايىغا تېگىپ قارا دىۋە ئىڭراپ يىقىلىپتۇ ۋە:

— ئەي مەرگەن، جېنىم بەك قىينىلىپ كېتىپ بارىدۇ، ماڭا رەھىم قىلىپ يەنە بىر پاي ئوق بىلەن جېنىمنى ئالغىن، — دەپ يالۋۇرۇپ ۋارقىراپتۇ. خۇرشىد مەرگەن:

— ئاتام ماڭا: «رەقىبىڭنى بىر ئوقتا ئۇجۇقتۇر، قايتا ئوق ئاتما» دېگەن، — دەپ قايتا ئوق ئاتماپتۇ. قارا دىۋىنىڭ نالە - پەريادى ئاستا - ئاستا بېسىقىپتۇ. ئاسماندىكى چاڭ - توزانمۇ تارقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا كەينىدە قالغان لەشكەرلەر قارا دىۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەنىكەن، ئۇلار دىۋىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ، خۇرشىد مەرگەنگە ئاپىرىن ئېيتىپ، بېشىغا ئېلىپ، يەرگە تەگكۈزمەي يۇرتقا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. يۇرت ئەھلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن مىڭ مەرتەم رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خۇرشىد مەرگەننى پۈتۈن پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرىگە باش قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالارمۇ، لەشكەرلەرمۇ شۇنداق بىر ياش سەركەردىسىنىڭ بولغانلىقىدىن رازى بوپتۇ ھەم ئۆز ئامانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇشۇپ، قايتىدىن كۆڭۈللۈك ياشاشقا باشلاپتۇ.

# باتۇر قىز

بۇرۇنقى زاماندا قول ـ ئىلكىدە يېتىپ ئاشقۇدەك دۇنياسى بار بىر بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى، بىر قىزى بار ئىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە كەنجى ئوغلى تىجارەت قىلىش ئۇچۇن سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭ دەردىدە كۆيۈپ ـ پىشىپ يىغلاپ، ئاخىر ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. بوۋاينىڭ كۆزىنى داۋالىغىلى كەلگەن تېۋىپ:

— يىراق رىم شەھىرىدە بۇنىڭ دورىسى بار، شۇ دورىدىن ئەكېلىپ كۆزىڭىزگە سۈرتسە كۆزىڭىز روشەنلىشىدۇ، — دەپتۇ. بوۋاي ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ:

— باللىرىم، كىم ماڭا مېھرىبان بولسا، رىم شەھىرىدىن كۆز دورىسىنى ئەكېلىدۇ. قېنى ئېيتىڭلار، يول راسخوتى ئۈچۈن نېمە تەلەپ قىلساڭلار شۇنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي دادا، «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن، پۇللا بولسا دورىنى ئەكېلىمىز، — دېيىشىپتۇ ئوغۇللار.

بوۋاي ئۇلارغا يېتىپ ئاشقۇدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بەش ئوغۇل رىم شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شۇ

ماڭغانچە داپ داراڭلىغان، ئىشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۇرۇپ، پۇل - پۇچەكلىرىنى بۇزۇپ - چىچىپتۇ، ئاخىر بىر پۇلسىز ئۆيگە قايتىشىپتۇ.

ئاكىلىرىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— جېنىم دادا، رىم شەھىرىگە ئۆزۈم باراي، ئاقىول تىلەپ دۇئا قىلىڭ! — دەپتۇ. بوۋاي قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، شۇ دورىنى ئەكېلىپ كۆزۈمنى ئاچساڭ، سەندىن مىڭ مەرتە رازى ئىدىم! — دەپتۇ.

قىز قىرىق قېچىرغا يول لازىمەتلىكلىرىنى ئارتىپ، ئۆزى يورغا ئاتقا مىنىپ رىم شەھىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. دادىسى شۇ يۇرتتىكى نامرات ئائىلىلەردىن ئون قىزنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى رازى قىلىپ، قىزىغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

ئۇلار ئۇزۇن يول يۇرۇپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر مەنزىلدە توختاپتۇ. قىز ھەمراھلىرىغا:

— دوستلىرىم، سىلەرنى ئاتام قوشۇپ قويغان بولسىمۇ، مەن ھەممىڭلارنى ئازاد قىلدىم، ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ئالدىغا قايتىپ بېرىپ ئەركىن ئويناپ - كۈلۈپ يۇرۇڭلار، — دەپتۇ.

قىز ھەمراھلىرىغا نۇرغۇن مال - مۈلۈك ئۈلەشتۇرۇپ بېرىپتۇ - دە، ئۆزى يالغۇز كېتىۋېرىپتۇ. ئۇ يول يۇرۇپتۇ، يۇرگەندىمۇ مول يۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىن بەھەيۋەت بىر ئەجدىھا چىقىپ كەپتۇ - دە، قىزنىڭ ھەممە قېچىرلىرىنى بىر - بىرلەپ دەم تارتىپتۇ، لېكىن قىز پەرۋا قىلماي كېتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئەجدىھا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەي ئادەمزات، ھەممە قېچىرلىرىڭنى يېدىم، قاراپمۇ

قويمىدىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

قىز پىسەنت قىلماي:

— سەن ئاچ ئىكەنسەن، رەھىم قىلدىم، ئۇنداق بولمىغاندا سەن بىلەن ئېلىشاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادام ئەما بولۇپ قالغان. رىم پادىشاھىنىڭ خەزىنىسىدە بىر دورا بار ئىكەن، شۇنى ئەكېلىپ، دادامنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا ئالدىراۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي ياخشى ئاتىنىڭ ياخشى بالىسى، ئۇنداق بولسا ئۇستۈمگە مىن! — دەپتۇ ئەجدىھا، — ياخشى نىيەت بىلەن يولغا چىققانلىقىڭ ئۈچۈن رىم شەھىرىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن.

قىز ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ ۋە بىر دەمدىلا رىم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەجدىھا قىزغا:

— ھازىر قاراۋۇللار ئۇخلاۋاتىدۇ، خەزىنىگە قورقماستىن كىرىۋەرگىن. خەزىنىنىڭ دورىخانىسىدا قۇتىدىمۇ، قەغەزدىمۇ دورا بار. قۇتىدىكى دورىنى ئالساڭ، قەغەزدىكى دورىغا قول تەگكۈزمە، قەغەزدىكىنى ئالساڭ، قۇتىدىكى دورىغا قول تەگكۈزمە! — دەپتۇ.

قىز ئەجدىھانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ خەزىنىگە كىرىپتۇ، خەزىنىدىن دورىخانىغا ئۆتۈپتۇ. قۇتىدىكى ۋە قەغەزدىكى دورىلار بىر - بىرىدىن خۇش پۇراق ئىكەن، قىز قايسىسىنى ئېلىشنى بىلەلمەي، تەۋەككۇل قىلىپ ئىككىلا دورىنى قولىغا ئاپتۇ.

بىردىنلا ئاجايىپ - غارايىپ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، قىز بەند بولۇپ قاپتۇ. قاراۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، شاھ ئوردىسىغا ئەكىرىپتۇ.

— نېمىشقا خەزىنىگە ئوغرىلىققا چۈشتۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— دادام كۆرمەس بولۇپ قېلىۋىدى، دورىغا كەلگەنىدىم. ئەجازىتىڭىزنى ئالمايلا كىرىپ قاپتىمەن، كەچۈرۈڭ! — دەپتۇ قىز.

— مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىسەن. مەيلى، ساڭا ئىشىنەي، لېكىن ماڭا ئەنەدىرخانىنىڭ قىزىنى ئەكېلىپ بەرسەڭ دورىنى بېرىمەن ۋە سېنىمۇ ئازاد قىلىمەن، بولمىسا، بېشىڭنى تۇڭ سويمىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن! — دەپتۇ پادىشاھ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ قىز تەزىم قىلىپ، — قىرىق كۈن مۆھلەت بېرىڭ.

قىز قىرىق كۈن مۆھلەت بىلەن ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئەي ئادەمزات، نېمە قىلىپ قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەجدىھا. قىز:

— ھەر ئىككىلا دورىنى ئالىمەن، دەپ قولغا چۈشۈپ قالدىم، قۇتىلار تىلسىم قىلىنغانىكەن، — دەپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ شەرتىنى ئېيتىپتۇ.



— بولغۇلۇق بوپتۇ، يۇر، كەتتۇق، — دەپتۇ ئەجدىها ۋە قىزنى ئەنەدىرخاننىڭ شەھىرىگە بىرپەستىلا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئەجدىها قىزغا:

— خان قىزى بىر ئۇخلىغاندا قىرىق كۈن ئۇخلايدۇ. ئۇ ئوتتۇز توققۇز كۈندىن بۇيان ئۇيقۇدا، ئەتە تاڭ ئاتسا ئويغىنىدۇ. قىزنىڭ ئالدىغا كىرگىنىڭدە، ئۆزىگە تەگسەڭ، رومىلىغا تەگمە، رومىلىغا تەگسەڭ، ئۆزىگە تەگمە. قىزنىڭ ھوجرىسىغا كىرىشتە ئىككى ئۆي بار، ئۆيلەرگە لىقمۇلىق پاختا بېسىلغان. قويۇن ۋە يانچۇقلىرىڭغا پاختىنى تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرگىن. پەلەمپەينىڭ ئىككى يېنىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغان، قوڭغۇراقلارنىڭ ئىچىگە پاختا تىقىۋەت، جىرىڭلىمايدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

قىز يانچۇقلىرىغا پاختا تولدۇرۇپ، قوڭغۇراقلارغا پاختا تىقىپتۇ - دە، مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ. مەلىكە تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن، قىرىق كېنىزەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنى قوغداپ ياتقانىكەن. مەلىكىنىڭ بېشىدا چوڭ رومال بولۇپ، رومال مەلىكىدىن چىرايلىق، مەلىكە رومالدىن چىرايلىق ئىكەن. قىز مەلىكىنىمۇ، رومالنىمۇ بىرلىكتە كۆتۈرۈپتۇ، دەل شۇ چاغدا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەش سادالىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئەتراپ تەۋرەپ كېتىپتۇ، ئىشىكلەر يېپىلىپ، قىز بەند بولۇپ قېلىپ تۇتۇلۇپتۇ. بۇ يەرمۇ تىلسىم قىلىنغانىكەن. قوللىرى قايرىلىپ باغلانغان قىز خان ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. غەزەپلەنگەن خان:

— نېمە سەۋەبتىن قىزىمنى ئوغرىلىماقچى بولدۇڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئاتام كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى، دورا ئىزدەپ رىم شەھىرىگە بېرىپ قولغا چۈشۈپ قالدىم. رىم پادىشاھى: «ئەنە-

دىرخاننىڭ مەلىكىسىنى ئەكېلىپ بەرسەڭ دورا بېرىمەن، بولمىسا بېشىڭنى سويىمىنى ئۆزگەندەك ئۆزۈپ تاشلايمەن» دې-دى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەنىدىم، — دەپتۇ قىز.

— سۆزۈڭگە قارىسام راستچىل كۆرۈنىسەن. كۈنپېتىش تەرەپتە كۆھنقاپ دېگەن جاي بار، ئۇ يەردە بىر جادۇگەر ياشايدۇ. ئۇنىڭ بىر قارا تۇلپار ئېتى بار، شۇنى ئەكەلسەڭ قىزىمنى بې-رىمەن، بولمىسا تېرەڭنى شىلىمەن! — دەپتۇ ئەنەدىرخان.

— بولىدۇ، — دەپتۇ قىز، — تۆت كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ.

— بارغىن، تۆت كۈنلۈك مۆھلەت بەردىم، — دەپتۇ خان.

قىز ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەجدىھا قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈزدە كۆھنقاپقا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە جادۇگەرنىڭ ئاتخانىسىغا يېقىن كەپتۇ.

— جادۇگەر ئۇخلىماقچى، — دەپتۇ ئەجدىھا، — مۇشۇ يەردىن لەخمە كولاپ، ئوقۇر تېگىدىن بېشىڭنى چىقار. تۇلپار سېنى كۆرۈپ كىشنەيدۇ. جادۇگەر: «ئادەم پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ-غۇ» دەپ تۆت تەرەپكە يۈگۈرىدۇ، تاپالماي كېلىپ يەنە جايىدا ياتقاندا بېشىڭنى چىقار، تۇلپار تېخىمۇ قاتتىق كىشنەيدۇ. جادۇگەر تۇلپارغا غەزەپلىنىپ: «ھەي نائىنساپ هايۋان، مېنى ئىككى قېتىم تەشۋىشكە سالدىڭ، يەنە شۇنداق قىلساڭ سېنى يەيمەن !» دەيدۇ - دە، ياتقىلى چىقىپ كېتىدۇ. سەن ئەنە شۇ چاغدىلا بېشىڭنى چىقىرىپ: «ئەي زاتى ئۇلۇغ تۇلپار، سۇ ئورنىغا سۈت، يەم ئورنىغا كۆك كىشمىش بېرىپ باقىمەن. بۇ زالىمنىڭ قولىدا ئازاب چېكىشىڭنىڭ هاجىتى يوق. مەن سې-نى ئەكېتەي» دەيسەن. تۇلپار بېشىنى ئېگىپ جىم تۇرىدۇ.

ئوقۇرنىڭ يېنىدا ئالتۇندىن ئىشلەنگەن ئېگەر - جابدۇق بار، تۇلپارنى دەرھال ئېگەرلە، ئاندىن يېتىلەپ مېنىڭ ئالدىمغا كەل.

قىز ئەجدىھانىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق بىجىرىپ، ئاخىر تۇلپارنى ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. ئەجدىھا قىز بىلەن تۇلپارنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ، ئەنەدىرخاننىڭ شەھىرىگە ئەكەپتۇ ۋە قىزغا:

— ئەي قىز، بۇ تۇلپارنى ئۆزۈڭ ئال، مەن بىر دوملاپلا خۇددى مۇشۇنداق تۇلپارغا ئايلىنىمەن. سەن مېنى خانغا بەر، خان قىزىنى ساڭا بېرىدۇ. مەلىكىنى ئېلىپ كېتىۋەرگىن، مەن ئارقاڭدىن بارىمەن، — دەپتۇ ئەجدىھا.

قىز ماقۇل بوپتۇ. ئەجدىھا بىر دوملاپلا تۇلپارغا ئايلىنىپتۇ. قىز ئۇنى خانغا تەقدىم قىپتۇ. خان قىزىنى بېرىپتۇ. قىز بىلەن مەلىكە تۇلپارغا مىنىپ رىم شەھىرىگە راۋان بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى خاندىن ئاڭلايلى:

خان ئاتنى ئېگەرلەپ، ئالتۇن ئۆزەڭگىگە سول پۇتىنى قويۇپ، ئوڭ پۇتىنى ئەمدىلا كۆتۈرۈپتىكەن، تۇلپار چىۋىنغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ...

ئەجدىھا ھايال بولماي قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ. ئۇلار رىم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئەجدىھا بىر دوملىغانىكەن، ئەنەدىرخاننىڭ مەلىكىسىدىنمۇ چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

— مېنى شاھقا تەقدىم قىلىپ، دورىلارنى ئەكېتىۋېرىڭلار، — دەپتۇ ئەجدىھا.

قىز ئۇنى رىم شاھىغا بېرىپ، دورىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ئەلگە چوڭ توي بېرىپتۇ. توي تۈگىشى بىلەنلا قىز بىر دوملاپ كۆمۈتىغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ...

ئەجدىها قىزلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئىككىلا قىزنى ۋە تۇلپارنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ قىزنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، دورىنى دادىسىنىڭ كۆزىگە سۈرتكەنىكەن، كۆزى ئېچىلىپ، يورۇق دۇنيانى يېڭىۋاشتىن كۆرۈپتۇ.

— جېنىم قىزىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى! — دەپ قىزنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ دادىسى. دەل شۇ چاغدا ئەجدىها بىر سىلكىنگەنىكەن، ئۈستىدىكى تېرىلىرى سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، چىرايلىق ۋە قاۋۇل بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قاپتۇ. قارىسا، بۇ يىگىت قىزنىڭ ئاكىسى، بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى ئىكەن. بوۋاي كەنجى ئوغلىنى كۆرۈپ:

— ئاھ... ئوغلۇم! كۆز نۇرۇم! — دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. ھەممەيلەن خۇشال - خۇرام كۆرۈشۈپتۇ. ئەلگە چوڭ توي بېرىلىپتۇ. تويدا ئوغلىدىن:

— قېنى ئوغلۇم، نېمە بولدى؟ سۆزلەپ بەر! — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

ئوغۇل دەپتۇ:

— مەن ئەنەدىرخاننىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، خانغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم. ئۇ مېنى كۇھىقاپىقا ئەۋەتتى. جادۇگەرنىڭ تۇلپارىنى ئەكېلىمەن دەپ، جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشتۇم. ئۇ مېنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئاتا - ئانىسىغا مېھىر - مۇھەببىتى چەكسىز بولغان، ئۇلارنى دەپ جېنىنى ئايىمىغان ئوغۇل ياكى قىز مېنى بۇ سېھىردىن قۇتۇلدۇرۇۋالالايتتى. جېنىم دادا، سىزنى دەپ سىڭلىم كۆپ جاپالارنى چەكتى، ۋەدىسىنى ئورۇندىدى، مېنى سېھىردىن خالاس قىلدى.

— بارىكاللا! — دەپتۇ دادىسى.

يىگىت ئاخىر ئەنەدىرخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ، ھەممەيلەن مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

# ئادان بىلەن گۈل

زامانى ئاۋۋالدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، شىكارنى ياخشى كۆرىدىكەن. شاھزادە بىر كۈنى قىرىق قاۋۋال مۇلازىم ۋە كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار قەيەردە قارىغايلىق تاغ، مېۋىلىك باغ يولۇقسا، شۇ يەرگە چۈشۈپ سەيلە قىپتۇ، ئوۋ ئوۋلاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە ئوۋ ملتىقىنى ئېلىپ، باش مۇلازىمنى ئارقىسىغا سېلىپ، بىر قارىغايزارلىقنى ئارىلاپ كېتىۋاتسا، يىراقتىن بىر توشقان كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە مىلتىقىنى بەتلەپ، توشقاننى چەنلەپ ئېتىپتىكەن، ئوق توشقاننىڭ سۆڭگىچىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كۆڭلى يېرىم بولغان شاھزادە بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ شۇ تەرەپكە بېرىپ قارىسا، ئاتقىنى توشقان ئەمەس، زىلچىدەك رەڭدار بىر مۈشۈك ئىكەن. مۈشۈك دىڭگۈسلاپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپتۇ، پۇتىغا ئۆزىنى سۈركەپ مىياۋلاپتۇ. شاھزادە پۇشايمان قىلىپ، مۈشۈكنىڭ يانپىشىنى سىلاپتۇ، بىراق ئوق ئىزى ئەسلىگە كەلمەپتۇ.

— ھەي مۇلازىم، — دەپتۇ شاھزادە، — يېقىن ئەتراپتا ئۆي باردەك قىلىدۇ، مۈشۈككە ئۇۋال بوپتۇ، مۈشۈكنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ بوسۇغىسىدا يېتىپ ئەپۇ سورايلى.

— خوپ، تەقسىر ! — دەپتۇ باش مۇلازىم توققۇز تەزىم قىلىپ.

ئىككىيلەن قونالغۇغا قايتىپ، يەنە بىر مۇلازىمنى ئېلىپ، ئۇچەيلەن دېھقانچە ياسىنىپ، ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، مۈشۈككە ئەگىشىپ دەشتكە قاراپ قەدەم بېسىپتۇ، قۇم بارخانلىرىنى ئېشىپتۇ. مۈشۈك تاملىرى تۆكۈلۈپ تۈرىدىغان، ۋەيرانە بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. شاھزادە سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم باردەك، ھەم يوقتەك. شاھزادە ھەيران بولۇپ، مۇلازىملىرىغا:

— تەخىر قىلايلى، كۈتۈپ تۇرساق ئۆي ئىگىسى چىقىپ قالار، — دەۋاتسا، مۈشۈك بىر شوخلۇق چىتىنىڭ ئارىسىدىن ھويلىغا كىرىپ كېتىپتۇ، ھويلىنى بىر ئايلىنىپ مياۋلاپتۇ. شاھزادە، ئىشىك مۈشۈ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، چىتنى قايرىپ ھويلىغا كىرسە، ئۆي ئىچىدە ئىككى قىز بالا گەپ تالىشىۋاتقۇدەك، ئۇلار پاتىمە - زۆھرە ئىسىملىك قوشكېزەك ئاچا - سىڭىل ئىكەن.

— ئەگەر ئەرگە تەگسەم، — دەپتۇ پاتىمە جاۋىلداپ، — ناۋايغا تېگىمەن. شۇ چاغدا سېنىمۇ ئېلىپ كېتىپ، كۆزۈڭنى نانغا تويغۇزۇپ قويمىسام ھېساب ئەمەس.



— بەرىكەت تاپقىن، ماڭىمۇ خۇدايىم بېرەر، — دەپتۇ زۆھرە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— مەن تېخى ناۋايغا تەگسەم سەن پىتلىق ئارقامدىن بارمىغىيدىڭ ! خەپ توختا، باي ناۋايدىن بىرنى تېپىپ، پەشخۇننى كەڭرى ئېچىپ، كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىۋەتمىسەم، — دەپتۇ پاتىمە كايىپ.

— سەنمۇ قاراپ تۇر، — دەپتۇ زۆھرە ئاچچىقىغا پايلىماي، — مەنمۇ پادىشاھنىڭ شاھزادىسىگە تېگىپ، كۆز - كۆز قىلمىسام.

پاتىمە زاڭلىق قىلىپ، تىزىغا شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ ۋە:

— ھەي نەپسى بالا يېتىمەك، تۇرقۇڭ خۇددى يىلىم چۆچەك، ئەگەر سالساڭ بازارغا ئۆزۈڭنى، بىرەرمۇ بىراۋ ھەققىڭ ئۇچۇن تىمشەك كېپەك؟ ! ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت جۇمۇ ! — دەپتۇ.

زۆھرە ئەلەمدىن بوغۇلۇپ كۆز يېشىنى تۆكۈپتۇ. پاتىمە ئەزۋەيلىگىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا شاھزادە مۇلازىملىرىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ تەزىم قىپتۇ شاھزادە بېشىنى ئېگىپ ۋە ئەھۋالنى بايان قىلىپ ئەپۇ سوراپتۇ.

پاتىمە مۈشۈكنى كۆرۈپ ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. زۆھرە شاھزادىلەرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋېتىپ:

— ئاچا، ئاتا - ئانىمىزدىن ئايرىلىپ، قانات - قۇيرۇقىمىز قايرىلىپ، ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھمان ئاران مۇشۇلارمۇ مۇساپىرلاردەك قىلىدۇ. بىر مۈشۈك ئۇچۇن مۇنچە كايىپ، نامىمىزنى بۇلغىمايلى، — دەپتۇ.

پاتىمە جىمىپتۇ. مۈشۈك ئۇنىڭ قولىنى تاتىلاپ بوشى-

نىپ، زۆھرەنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سۇركەپتۇ، ئاندىن شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپتۇ. شاھزادىنىڭ زۆھرە بىلەن مۈشۈككە ئىچى ئاغرىپتۇ، پاتمەگە شەپقەت قىلغۇسى كەپتۇ ــ دە:

ــ ھالىڭلار خاراب، باغرىڭلار كاۋاپ ئىكەن، ئىككىڭلار-نىڭ ھەۋىسى ھەم بۆلەكچە ئىكەن. بىز بىلەن بىرگە كەت-سەڭلار قانداق؟ ــ دەپتۇ. پاتمە بوينىنى تولغاپ:

ــ بىللە كېتەلمەيمىز تېخى! مال تۇرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن. سىلەر بىزنىڭ، بىز سىلەرنىڭ خىلىڭلار ئە-مەس، مەرھەمەت، يول بولسۇن، كېتىشىۋالملا كايىماي! ــ دەپتۇ.

ــ ئاكا، بىز نامرات سەھرا قىزلىرى، سىلەرگە ئارتۇق يۈك بولۇشنى راۋا كۆرمەيمىز، رەھمەت، بىزگىمۇ خۇدايىم بار. كېتىشىۋەرسىلە، ــ دەپتۇ زۆھرە ئىككى قولىنى كۆك-سىگە ئېلىپ.

شاھزادە زۆھرەگە ئېچىنىپ قالغاندەك بوپتۇ ــ دە، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. مۇلازىملار سالا قىپتۇ. ئاچا ــ سىڭىل نائىلاج بىللە كېتىشكە كۆنۈپتۇ ۋە ئۆيدىكى بارى ــ يوق بى-ساتى ــ مۈشۈكىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھزادىلەر چۈشكەن يېرىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە كېيىمىنى يەڭگۈشلەپ ھەمراھلىرى ئارىسىغا بېرىپتۇ.

ــ ھەزرەت ئالىيلىرى، ــ دەپتۇ كېنىزەكلەر بىلەن مۇلازىملار گۈلتاجلىرىنى قولىغا ئېلىپ، باشلىرىنى ئېگىپ، ــ ئېلىپ كېلىپلا ئىككى گۈل ــ غۇنچە، مۇبارەك بولسۇن دەيلىمۇ ياكى غەملىرىنى يەيلىمۇ؟ جاۋاب بەرسىلە، شاھزادە، بولسۇن كۆڭلىمىز ئازادە.

ــ تونۇمايمىز دىمەڭلار، غېمىمىنىمۇ يېمەڭلار. مىسكىن

ئىكەن تۇرمۇشى، ساقايسۇن دېدىم بېشى، پاتمە كىيسۇن دې-دەكلىك كىيمى، زۆھرە تاقسۇن كېنىزەكلىك گۈلتاجى، — دەپتۇ شاھزادە.

ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەن بولۇۋاتقان ئىشلاردىن، بولۇ-نۇۋاتقان گەپلەردىن ھەم ھەيران قېلىپ، ھەم ئۆيىدە شاھزا-دىگە قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن ئۇيىلىپ تۇرغىنىدا، كېنىزەك-لەر ئېلىپ مېڭىپتۇ، يۇيۇندۇرۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، شاھزا-دىنىڭ ئەمرى بويىچە كىيىندۇرۇپتۇ. زۆھرە كېنىزەكلەر قاتا-رىغا قىرىق بىرىنچى بولۇپ قېتىلىپتۇ.

شاھزادە ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە شىكارغا ماڭماقچى بو-لۇپ، كېنىزەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەنىكەن، زۆھرە پەرىزات-تەك كۆزگە تاشلىنىپتۇ. شاھزادىنىڭ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە شىكار قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ - دە، دەرھال ئوردىغا قايتىپتۇ. ئوغلىنىڭ مۇددىئاسىدىن خەۋەر تاپقان شاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، شاھزادىنى زۆھرەگە ئۆيلەپ قويۇپتۇ. پاتمەنى ناۋايغا ياتلىق قىپتۇ.

زۆھرە شاھزادە بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن مەرتىۋىسى چەندان ئۆسۈپ، دۆلىتى زىيادە بوپتۇ. سىڭلىسىنىڭ مەئىشەتلىرىنى كۆرگەن پاتمە تۇرالماي قاپتۇ. «توۋا، — دەپتۇ ئۇ ياقىسىنى تۇتۇپ، — مەن ئاچا، ئۇ سىڭىل تۇرۇپ، مەن ناۋايغا، ئۇ شاھزادىگە تەگكەن نەدە بار؟ بالدۇرراق پادىشاھنىڭ ئوغلىغا تېگىمەن دەۋالسام بوپتىكەن، ھەي شۇم ئاغزىم! ھېلىمۇ كېچىكمەسمەن...» ئۇ ئەنە شۇنداق ئىچىنى ئۇۋاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زۆھرە ھامىلدار بوپتۇ. شاھزادە خۇش بولۇپ، يېمەي يېدۈرۈپ، كىيمەي كىي-

دۇرۇپ خوتۇننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. زۆھرەنىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىنلاشقانسېرى پاتمەنىڭ ئايىغى قويۇقلىشىپ، كۈندە دېگۈدەك سىڭلىسىنى يوقلاپ تۇرىدىغان بوپتۇ. شاھزادىنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ ـ ئاغزىدىن چىقىپ، شەپقەتلىك قېيىنېگىچە بولۇۋاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شاھزادىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— مەلىكە كېيىك گۆشىگە سېزىك بوپتۇ. يەنە كېلىپ، شاھزادە ئۆز قولى بىلەن ئۇۋلاپ، سويۇپ بەرمىسە يېمەيمەن، دەيدۇ. خوتۇن كىشى سېزىككە قانمىسا، بالا كەمتۈك تۇغۇلۇپ قالىدۇ ياكى ھايۋانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە ۋەھىمىگە چۈشۈپ، شىكار تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. يولغا چىقىدىغان چاغدا، مۈشۈك مىياۋلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ، شاھزادىنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپ، ئۆتۈكىنىڭ پۆپۈكىنى چىشلەپ ئۆي تەرەپكە تارتىپتۇ. شاھزادە مۈشۈكنىڭ قىلىقىدىن ئەنسىزلىككە پېتىپ، چارباغ تەرەپكە مېڭىپتۇيۇ، پاتمەنىڭ: «شىكارغا چىقىدىغانلىقلىرىنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، مەلىكىمۇ بىلمىسۇن، بولمىسا ئىش چاتاق» دېگىنىنى ئەسلەپ، زۆھرە تۇرۇشلۇق چارباغدىن چەتلەپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە يولغا چىقىپ ئەتىسى كېچىدە زۆھرە پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پاتمە بالىنى يۆگەككە يۆگەپ، سېۋەتكە سېلىپ، ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ ـ دە، ئالدىن يوشۇرۇپ قويغان مايمۇننىڭ بالىسىنى ئەپلىك زاكىلاپ، سىڭلىسىنىڭ بېقىنىدا بىر چىرايلىق ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. زۆھرە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، تۇغقىنى بىر تۈكلۈك مايمۇن بالىسى! ئۇ ئاھ ـ پەرياد ئۇرۇپتۇ، يېشى قار ـ يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ. پاتمە يالغاندىن تەسەللى بېرىپ:

— يىغلىما، سىڭلىم، خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ، ھېلىھەم جېنىڭ ئامان قالدى، شۈكۈر قىل! ئېرىڭ تاشلىۋەتسە، مەن خەۋەر ئالىمەن، غەم يېمە، ئۇنى - بۇنى ئويلاپ يۈرمە، ئېرىڭدىن شىكارغا چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى سورايمەن دېمە، — دەپتۇ.

— ماقۇل، جېنىم ئاچا، نېمە دېسەڭ ماقۇل، — دەپتۇ زۆھرە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆز يېشى بىلەن سەۋر قاچىسىنى تولدۇرۇپ.

شاھزادىنى ئىشق - مۇھەببەتتىن قايدۇرۇپ، مەلىكە زۆھرەدىن تاندۇرۇپ، ئۆزى مەلىكە بولۇشنى قەستلەپ يۈرگەن پاتىمە، ئىش جايىدىن چىقتى، شاھزادە ئالىقىنىمغا چۈشتى، دەپ ئويلاپتۇ. يۈزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ، قېشىغا ئۇسما قويۇپ، كىرپىكلىرىگە سۈرمە تارتىپ، سەكسەن ياڭزا كىيىنىپ، شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ.



پاتىمەنىڭ كۈتكەن چاغلىرى يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە ئوۋ كېيىكلىرىنى ئېتىغا غانجۇغىلاپ شىكاردىن قايتىپتۇ. پاتىمە ئوردا ئالدىغا چىقىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ:

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ كۆزى يورۇدى، مۇبارەك بولسۇن، شاھزادەم!

— مۇبارەك بولسۇن! پەرزەنت قاشقىرمۇ، تۇلكىمۇ؟

— سىلى سورىمىسىلا، مەن ئېيتماي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاتىمە.

شاھزادە گۇمانسىراپ ئوردىغا كىرىپتۇ. قارىسا، مەلىكە زۆھرە چىرايى سۇنۇق، قاپاقلىرى تۇتۇق، چاچلىرى چۇۋۇق ئولتۇرغۇدەك. مۇشۇك مەلىكىنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگۈدەك. شاھزادە تەزىم قىلىپ، مەلىكىدىن ھال سوراي دەۋاتسا، پاتىمە يوتقاننى شاپپىدە قايرىپ، تەتىللا — كىمخابتا زاكىلاقلىق «بوۋاق»نى ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. شاھزادە «بوۋاق»نىڭ يۈزىدىكى پەرەڭ ياغلىقنى قايرىپلا ۋارقىراپ تاشلاپتۇ.

پاتىمە ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپتۇ:

— سۆيۈملۈكۈم شاھزادەم، كۆيۈملۈكۈم شاھزادەم، — دەپتۇ ئۇ كۆزلىرىنى ئۇينىتىپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — سىڭلىمنىڭ رەڭگى تازا، ئىچى قارا ئىكەن، مانا تۇغۇپ بىر مايمۇن كۈچۈكى، كەلتۈردى ئالەمچە بالا — قازا.

ئاچىسىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئىچى كۆيۈپ، يۈرەك — باغرى پارە — پارە بولۇۋاتقان مەلىكە شاھزادىگە ئۆزىنى ئېتىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ھېچ بىلمىدىم، شاھزادەم، نەدىن پەيدا بولدى بۇ مايمۇن بالا، يۈرەك — باغرىم بولدى يارا. ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ نەگە بېرىپ، نەدە تۇراي؟ رەھىم قىلسىلا، شاھزادەم!

شاھزادىنىڭ دىلى يۇمشاپتۇ. «بۇمۇ ئۆزلۈكىدىن ئەمەستۇ، خەير، بوپتۇ» دەپتۇ — دە، مەلىكىنى باغرىغا ئاپتۇ، تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ياساپتۇ. پاتىمە بولسا قولىنى چىشلەپ، يىگى

تاپانتوُزاققا ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. شاھزادە بىلەن سىڭلىسىنىڭ پوس-
تىغا كىرىپ، ئامراق بىر تۇغقان ـ قېرىنداشلاردىن بولۇۋاپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئۈچ ياز، ئۈچ قىش
ئۆزاپ كېتىپتۇ. مەلىكە زۆھرەنىڭ بويىدا يەنە قاپتۇ. شاھزادە
شىكارغا چىقماي بېقىپ يېتىپتۇ. پاتىمە بىر چارە تېپىپتۇ.
— كۆز نۇرۇم سىڭلىم، ۋاپادارىم سىڭلىم، شاھزادە ئال-
دىدا قالمىدى ئىككى ئىلىك تىلىم، بۇ قېتىم ئادەم بالىسى
تۇغساڭكەن جېنىم، — دەپتۇ گەپ تېشىپ پاتىمە.
زۆھرەمۇ ئاي ـ كۈنى يېقىنلاشقانسېرى بېشى قېتىپ،
غەمگە پېتىپ يۈرگەنىكەن، ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ
سوراپتۇ:
— جېنىم ئاچا، قانداق قىلسام ئادەم بالىسى تۇغىمەن؟
— بۇنىڭ چارىسى ئاسان. ئاۋۋىلەم باشتا بۇيرۇغان
دورامنى رەت قىلماي يېيىش ھەققىدە ۋەدە بېرىسەن، ئاندىن
يەنە دورا بۇيرۇيمەن. بولمىسا، نېمە تۇغساڭ تۇغ، — دەپتۇ
پاتىمە. زۆھرە تىزلىنىپ، يالۋۇرۇپ ۋەدە بېرىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پاتىمە مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا
پىچىرلاپ، — مۈشۈك ئادەم مەسەللىك نەرسە، ئۇنىڭ گۆشى-
نى يېسەڭ، جەزمەن ئادەم بالىسى تۇغىسەن. ئەمما، مۈشۈكنى
ئېرىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ بېرىشى شەرت. قالغىنىنى
ئۆزۈم توغرىلايمەن.
— رەھمەت، جان ئاچا، دېگىنىڭنى قىلاي. بىر قىز تۇ-
غۇپ باغرىمغا باساي، شاھزادىنىڭ قالغان كۆڭلىنى ئالاي، —
دەپتۇ مەلىكە زۆھرە ۋە شاھزادىگە مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپ بې-
رىشنى ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە نائىلاج ماقۇل-
غا كەپتۇ.
پاتىمە مۈشۈكنى ئۇرۇپ ئۆيدىن تەزدۇرۇۋەتكەن، مۈشۈك



ئۆزىنى ياقىغا ئالغا-
نىكەن. شاھزادە مۇ-
شۇكنى تاپالماي جى-
لە بوپتۇ، باشقىلارغا
ئېيتىشتىن ئۇيى-
لىپتۇ، ئاخىر پاتى-
مەنىڭ مەسلىھىتىنى
ئاپتۇ.

— مۇشۇكنىڭ
جېنى تۇيغان ئوخ-
شايدۇ. بىلسەم -
بىلمىسەم قەدىم جا-
يىمىزغا بېرىۋالدى،
كاتىنىڭ ئاستىغا مۆ-
كۈۋالدى. تۇتۇپ كەل-
مىسلە، مەلىكىنىڭ
ئىشى چاتاق. خەلقئالەم ئىچىدە تۈگەيدۇ نامۇ ئاتاق، — دەپ ئە-
قىل كۆرسىتىپتۇ پاتىمە.

شاھزادە پاتىمەگە رەھمەت ئېيتىپ، مەلىكىسى بىلەن
خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولغا چىققان كېچىسى مەلى-
كە زۆھرەمۇ كۆزى يورۇپ، تولۇن ئايدەك بىر قىز تۇغۇپتۇ.
پاتىمە بۇ بالىنىمۇ جاڭگالغا تاشلىۋېتىپتۇ - دە، ئالدىن تەي-
يارلاپ قويغان ياۋا توڭگۇزنىڭ بالىسىنى چىرايلىق زاكىلاپ،
سىڭلىسىنىڭ بېقىنىدا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. زۆھرە ھوشىغا كې-
لىپ قارىسا، ئىچىدە ياتقىنى سالپاڭ قۇلاق توڭگۇز كۈچۈ-
كى ! زۆھرە ئاھ ئۇرۇپ، نالە قىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.
پاتىمە ئەل ئىچىگە سۆز - چۆچەك تارقىتىپ، ھەر قەدەمدە

قىچا ئۇرۇقى چېچىپتۇ. بويىنى كالا سۇتىدە يۇيۇپ، ئىشىك يوچۇقىدىن ماراپ، كۇندە يۈز ۋاخ ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنى تۇزەپتۇ، مىڭ ياڭزا ياسىنىپ، شاھزادىنىڭ كېلىشىنى كۇتۇپتۇ. شاھزادە قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ. كېنىزەكلەر، مۇلازىملار ئۇردا ئالدىدا ئۇنى كۇتۇۋاپتۇ. پاتىمە ئۇردا ئىشىكىدىن نايناقلاپ چىقىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— شاھزادەم، — دەپتۇ ئۇ قولىدىكى زاكىلاقلىق «بوۋاق»نى تەڭلەپ، — پەرزەنتلىرىنى كۆرۈۋالسىلا، ئارزۇلۇق مەلىكەمنىڭ كارامىتىنى بىلىۋالسىلا.

شاھزادە «بوۋاق»نى كۆرۇپلا نومۇستىن ئېسىنى يوقىتىپتۇ. كېنىزەكلەر يەردە غىڭشىپ تېپىرلاۋاتقان توڭگۇز كۇچۇكىگە قاراپ كۇلۇپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ. مۇلازىملار ياقىلىرىنى چىشلەپ، توۋا - ئىستىغپار ئېيتىشىپتۇ. شاھ توپان بالاسى كەلسە ئوشۇقىغا ئالمايدىغان، ئاسمان ئۆرۇلۇپ چۇشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان ئادەم ئىكەن. پاتىمە بۇ ئاھانەت ئۇچۇن شاھ زۆھرەنى دارغا ئاسماي قالمايدۇ، ئەمدىغۇ شاھزادە مېنىڭ بولار، دەپ ئاغزىنى تاتلىق، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۇرگىنىدە، شاھ شەھەردىكى ئۆلىما، ھۆكۇما، دانىشمەن، قۇرئەندازلارنى مەسلىھەتكە چاقىرتىپتۇ. تالاش - تارتىش قىزىپ كېتىپتۇ.

— مەلىكە زۆھرەنى دارغا ئاسقۇلۇق، — دەپتۇ بەزىلەر.

— ھايۋان تۇغقان مەزلۇمنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۇرگۇلۇك، — دەپتۇ يەنە بەزىلەر.

— دەشت - باياۋان، چۆل - جەزىرىلەرگە پالاپ، نەسلىدنى تۇگەتكۇلۇك، — دەپتۇ بەزىلەر.

— يالىڭاچلاپ كوچىدا سازايى قىلىپ، خالايىقنى ئىبرەت ئالدۇرغۇلۇق، — دەپتۇ يەنە بەزىلەر.

ئۇ دېمەك، بۇ دېمەك، كۆپچىلىك بىر كۇن تالىشىپتۇ،

ئىككى كۈن تالىشىپتۇ، بىر توختامغا كېلەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا سورۇنغا يېڭىلا كىرىپ كەلگەن بىر دانىشمەن:

— ئۇلۇغ شاھىئالەم، مەلىكە زۆھرەنىڭ ئۇدا ھايۋان تۇغۇشى شاھزادىدىنمۇ ياكى ئۆزىدىنمۇ ۋە ياكى باشقا بىرىنىڭ شەيتانلىقىدىنمۇ بىلىپ بولمايدۇ. مەلىكىنى زىندانغا تاشلاپ ئوبدان بايقاپ باقساق بولارمىكىن، — دەپتىكەن، ئۇنىڭ مەسلىھەتى ھەممىگە يېقىپتۇ. شاھ مەلىكە زۆھرەنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. زىندان ئىشىكىدە پايلاقچى قويۇپتۇ.

ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ، مەلىكە ئۆلمەپتۇ، پاتىمەمۇ شاھزادىگە تېگەلمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئىككى ھايۋان بالىسىنىڭ تۇرۇپلا بىر جۈپ ئوغۇل - قىزغا ئايلىنىپ، ئەركىلەپ مەلىكە زۆھرەنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ قولىنى سوزۇپ بالىلارنى قېشىغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئويغانسا، يۈرىكىگە بىر پارچە ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، زىندانغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە شام يېقىپ قاراپ، يەتتە قات يەر ئاستىغا كولانغان زىنداندا بېلىنىڭ تۆۋىنى قان - زەرداپقا چىلىنىپ تۇرغان زۆھرە ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكى تەكچىدە دۆۋىلىنىپ كەتكەن سۆڭەك ۋە نازۇنېمەتلەرنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە بولسا، كۈنىگە يېرىم ھېجىر ئۇماچ بېرىلگىنىگە قارىماي ئايدەك جامالىدىن قالماپتۇ. شاھزادە ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئەي مەلىكە، ئېيتە، ساڭا گۆش بىلەن نازۇنېمەتنى كىم بەردى؟

مەلىكە زۆھرە يۈزىنى ئۆرۈپ جىم تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە گۈندىپايغا كايىپتۇ:

— ھاڭۋاقتى! سەن نېمىنى باقتىڭ؟ نېمىگە قارىدىڭ؟ مەلىكىنىڭ شېرىكىنى تۇتۇپ كۆزۈمگە كۆرسەتمەيدىكەنسەن،

كاللاڭنى قولتۇقۇڭغا قىسىپ قويىمەن!

— خوپ، تەقسىر! — دەپ تىك تۇرۇپتۇ گۇندىپاي ۋە كېچىسى بىر بۇلۇڭغا پۇختا جايلىشىپ، كۆزىنى ئۇزمەي پايلاپ ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بىر مۇشۇك مىسسىدە كېلىپ، مەلىكە زۆھرە ياتقان زىندان ئىشىكى زەنگۇندىسىنىڭ تېگىدىكى كامارغا بېشىنى تىقىپتۇ. مۇشۇكنىڭ ئاغزىدا بىر خالتا چىشلەكلىك ئىكەن. گۇندىپاي مۇشۇكنى كاپپىدە تۇتۇپتۇ ـ دە، خالتىدىكى گۆش، نازۇنېمەتلەر بىلەن قوشۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە بىر قاراپلا مۇشۇكنىڭ بەش يىل ئىلگىرى يوقىلىپ كەتكەن ئۆز مۇشۇكى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ ـ دە:

— سەن هارامزادىگە يولۇقمىغان بولسام، بېشىمغا مۇنچە دىشۋارچىلىقمۇ كەلمەس ئىدى. ھەممە بالانى ئۆزۈڭ تېرىپ، يەنە مەلىكىگە ئوغرىلىقچە تاماق توشۇپ بەرگىنىڭ نېمىسى؟! سېنىڭ بارىڭدىن يوقالغىنىڭ خوپ! — دەپلا مۇشۇكنى گۇندىپاينىڭ قولىدىن ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپتۇ. مۇشۇك ئېچىنىشلىق مىياۋلاپتۇ. گۇلدۇر ـ غالاپنى ئىشىتكەن پادىشاھ يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىپتۇ.

— بۇ مۇشۇكتە بىر خىسلەت باردەك قىلىدۇ، قويۇپ بېرىڭلار! — دەپتۇ شاھ شاھزادە بىلەن گۇندىپاينىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ.

مۇشۇك ئۈچ يۇمىلىنىپ، يانپىشىنى سۆرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھزادىنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى سۈركەپتۇ. شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، زوڭ ئولتۇرۇپ بېشىنى ئۈچ قېتىم ئېگىپتۇ. شاھ ھەيران بولۇپ:

— ھەي مۇشۇك، قورسىقىڭدا باردەك قىلىدۇ لەكىمىڭ سۆزۈڭ، تىلىڭ بولسىمۇ ئېيتار ئىدىڭ، — دەپتۇ. مۇشۇك

بىر تولغىنىپلا تىك تۇرۇپ زۇۋانغا كەپتۇ:

— ھەي ئۇلۇغ شاھىنشاھىم، ئېيتاي مەن دەردۇ ھالىم، ساقىت بولسۇن بوينۇمدىن يۈكلىنىۋالغان ئۇ قەرزىم، — دەپ ئادەمگە ئوخشاش نەزم ئوقۇپتۇ ۋە شاھزادە بىلەن پاتىمە - زۆھرەلەر تېپىشقاندىن بۇيانقى ئۆي ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ كېلىپ، — مەلىكەم تۇغقان ئوغۇل دەريانىڭ ئايىغىدىكى بېلىقچى بوۋاينىڭكىدە، قىز جاڭگالدا ئولتۇرۇشلۇق موماينىڭكىدە. ئوغۇل سەككىز ياشقا، قىز بەش ياشقا كىردى، — دەپتۇ ۋە گېپىنى مۇنۇ نەزم بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپتۇ:

بولمىغاچقا ئۇ چاغ زۇۋان، ئەيلەلمىدىم ئەرزىم بايان،

پەرق ئەتكەي دېدىم، كۈتتۇم، كىم ياخشىدۇر ۋە كىم يامان.

شاھزادە مۈشۈكنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ ئەپۇ سوراپتۇ. شاھ تۆت ياساۋۇلنى بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئوتۇنچى موماينى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار بوۋايغا ئوغلىنى، مومايغا قىزنى يېتىلىتىپ، پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي، زەررە ۋاقىتتىنى ئۆتكۈزمەي شاھنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ بوۋاي بىلەن موماي شاھ ئالدىدا تىزلىنىپ، بېشىنى ئېگىپ، —



گۇناھىمىزنى بىلمىدۇق، چاقىرتىپتىكەنلا خوپ دېدۇق. نېمە پەرمانلىرى باركىن، ئاڭلاپ كەتسەك ئىدۇق.

شاھ ئۇلارنى كۆرپىدە بەھۇزۇر ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇرۇپتىپ، ئوغۇل بىلەن قىزغا سىنچىلاپ قاراپتىكەن، ئوغۇل شاھزادىگە، قىز مەلىكە زۆھرەگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرغۇدەك. شاھ ئىچىدە خۇش بولۇپ، تېشىدا دەرگۇمانغا تولۇپ سوراپتۇ:

— باللار ئۆزۈڭلارنىڭمۇ؟

بوۋاي بىلەن موماي:

— يوقسۇ، ھەزرەتلىرى، باللارنى تېپىۋالغان، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

— قېنى، قانداق تېپىۋالغان؟ سۆزلەڭلار ! — دەپتۇ پادىشاھ.

بوۋاي سۆز ئاپتۇ:

— پېقىر، — دەپتۇ ئۇ ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ئەتىگەنلىكىم چۇشكە، چۇشلۇكۇم كەچكە يەتمەيدىغان، دەرياغا تور سېلىپ جان باقىدىغان بويتاق ئادەم ئىدىم. بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن تازا مۇشۇ كۇنلەردە بېلىق تۇتقىلى دەريا بويىغا بارسام، سۇدا بىر نېمە بىر چۆكۈپ - بىر لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ. سۇزۇپ قارىسام، سېۋەتكە قاچىلانغان ئوغۇل بالا ئىكەن. ئوغۇل بولغاندىمۇ تولۇن ئايدەك چىرايلىق، پاقلاندەك سېمىز، تىمەن بوۋاق ئىكەن. بالىنى سۇغا تاشلىۋەتكەن تاش يۈرەك ئانىغا يۈزمىڭ لەنەت ئوقۇپ، بالىنى قوينۇمغا سولاپ ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۆيۈمدە تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭدىن باشقا بىسات يوق ئىدى. ئوقىتىم ئاققان كۇنلىرى بىرەر توغرام نان تاپسام بالا بىلەن بىرگە روزانە قىلىپ، تاپالمىغان كۇنلىرى شۇكۇر - قانائەت

قىلىپ، ئۇنى مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلدىم. قازارا، جان ئۈزۈپ كەتسەم، بىچارە بالا نەلەردە تېنەپ، كىملەرنىڭ ئىشىكىدە دوقۇرۇپ يۈرەر، دەيتتىم. ھەزرەتلىرىنى خۇدا يەتكۈزدى، خۇش بولاي، بالىنىڭ ئىگىسىنى تاپتۇرۇپ بەرسىلە، جېنىم تېنىمدا ئامانەت چېغىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇۋېتەي.

بوۋاي دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ، نۆۋەت مومايغا كەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ موماي قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىپ سېتىپ جان باقىدىغان تۇل خوتۇن ئىدىم. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن تازا مۇشۇ كۈنلەردە ئوتۇن تەرگىلى جاڭگالغا بارسام، ئالەمگە يېقىملا كۆز ئاچقان مۇشۇ بالا داق يەردە يىغلاپ ياتىدۇ. بالا بولغاندىمۇ تولۇن ئايدەك چىرايلىق، پاقلاندەك سېمىز، تىمەن بوۋاق ئىكەن. بالىنى جاڭگالغا تاشلىۋەتكەن تاش يۈرەك ئانىغا يۈزمىڭ لەنەت ئوقۇپ، بالىنى ئېتىكىمگە يۆگەپ، ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۆيۈمدە تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭدىن باشقا بىسات يوق ئىدى. ئوقىتىم ئاققان كۈنلىرى بىرەر توغرام نان تاپسام بالا بىلەن بىرگە روزانە قىلىپ، تاپالمىغان كۈنلىرى شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ، مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلدىم. قازارا، جان ئۈزۈپ كەتسەم، بىچارە بالا نەلەردە تېنەپ، كىمنىڭ ئىشىكىدە دوقۇرۇپ يۈرەر، دەيتتىم. ھەزرەتلىرىنى خۇدا يەتكۈزدى، خۇش بولاي، بالىنىڭ ئىگىسىنى تاپتۇرۇپ بەرسىلە، جېنىم تېنىمدا ئامانەت چېغىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇۋېتەي.

مومايىنىڭ دەيدىغىنى تۈگەپتۇ. شۇ ئارىدا مەلىكە زۆھرە زىنداندىن ئازاد قىلىنىپ، ھاممامدا يۇيۇندۇرۇلۇپ، مەلىكە كىيىمى كىيدۈرۈلۈپ ياساندۇرۇپ قويۇلغانىكەن. شاھ ئۇنى چاقىرىپ كىرىپ، بوۋاي بىلەن مومايغا:

— بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھ-رە، — دەپتۇ.

بوۋاي بىلەن موماي ھاڭ - تاڭ قېلىپ، شاھقا رەھمەت ئېيتىۋاتقاندا، شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھرە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئېتىپ يۈزمىڭ رەھمەت ئېيتىپتۇ، باللىرىنى باغرى-غا بېسىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. مۇشۇك باركاللا ئەي-لەپ، چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پا-تىمەگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەپتۇ.

سىر ئېچىلغاندىن كېيىن، شاھ شەھەر خەلقىنى يىغىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز مەلىكىنىڭ تۇغۇت تويىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بوۋاي بىلەن مومايىنى چارباغدىكى مەخسۇس قورۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكۈچە ھالىدىن خەۋەر ئال-ماق بوپتۇ. موللا - ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن، پاتى-مەنى دارغا ئېسىپ، كاللىسىنى شەھەر دەرۋازىسىغا مىخلاش يارلىقى چۈشۈرۈپتۇ. ئىككى جاللات ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرى-گىنىچە دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پاتىمە تىزلىنىپ، بىر ئاغزىدا مىڭ قېتىم توۋا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، پادىشاھتىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ.

— بوپتۇ، ئاچام قىلغاننى مەن قىلماي، ئۇنى قويىۋۈەت-سىلە، ئادەم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە شاھقا مۇراجىئەت قىلىپ.

— خەير، بوپتۇ، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، لېكىن پاتىمە ھۇ-زۇرۇمدىن كەتسۇن، باشقا شەھەرگە بېرىپ كۈننى كۆن ئەت-سۇن! — دەپتۇ شاھ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە زۆھرە پاتىمەگە ئون قېچىر دۇنيادە-پىنە، مال - مۈلۈك، ئوزۇق - تۈلۈك جابدۇپ، ناۋاي ئېرىنى قوشۇپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

# شاھزادە بىلەن ئالتۇنبېلىقنىڭ دوستلۇقى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر دائىم: «يەر يۈزىدە مەندەك ئادىل پادىشاھ يوق» دەپ ماختىنىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىمىر ئاتىسىنى پۇقرالارنىڭ ماختايدىغان ياكى قارغايدىغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ، پۇقراچە كىيىنىپ كوچا ئايلانغانىكەن، كوچىلار جىمجىت، كىشىلەر غەمكىن كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە ئىچىدە، ئادىل پادىشاھ سورىغان شەھەر مۇشۇنداق مىسكىن بولامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ، بىر دۇكانداردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. دۇكاندار: «دەريا بويىغا بارساڭ بىلىسەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھزادە بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ دەريا بويىغا بېرىپ قارىسا، بىر ئالتۇنبېلىق دەريادا گاھ سۇ ئۈستىگە ئوقچۇپ چىقىپ، گاھ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ تىنىم تاپمايۋاتقۇدەك، قىرغاقتا بولسا بىر موماي دەرياغا قاراپ، كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغۇدەك. شاھزادە ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي، مومايدىن سوراپتۇ:

— موما، نېمىگە يىغلايلا؟

— جېنىم بالام، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ — دەپتۇ موماي، — بىچارە بېلىقنىڭ ھالىغا چىدىيالمايۋاتىمەن.

شاھزادە گاڭگىراپ قېلىپ:

— بېلىق نېمە بوپتىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي ئۇ-

لۇغ - كىچىك تىنىپ:

— بىر زامانلاردا بۇ بېلىق بىر جۈپ ئىدى، ئۇ چاغدا جۈپتى بىلەن ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ ئوينايتتى، نەسىل قالدۇراتتى. ئەمدى جۈپتىدىن ئايرىلىپ دەردمەن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئوقچۇپ سۇ ئۈستىگە چىقىشى — جۈپتىنى ئىزدىگەنلىكى، سۇ ئاستىغا شۇڭغۇشى — داد - پەرياد چەككەنلىكى، — دەپتۇ.

— موما، بۇ بېلىقنىڭ جۈپتى نەگە كەتكەن؟ — دەپ قىستاپ سوراپتۇ شاھزادە قىزىقىپ.

— جېنىم بالام، بۇنى پادىشاھتىن سورىغىن، — دەپلا كېتىپ قاپتۇ موماي.

شاھزادە ئىمىر دۇكاندارنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك قىپتۇ ۋە ئالدىراپ - سالدىراپ ئوردىغا قايتىپتۇ. قايتىۋېتىپ، خاسلا پادىشاھ سەيلە قىلىدىغان چارباغدىكى چۆرىسى رەڭگارەڭ گۈللۈك كۆلچەك يېنىدىن ئۆتۈپتۇ. كۆلچەكتىمۇ بىر ئالتۇنبېلىق خۇددى دەريادىكى بېلىققا ئوخشاش گاھ سۇ ئۈستىگە ئوقچۇپ چىقىپ، گاھ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ تىنىم تاپمايۋاتقانىكەن. شاھزادە گۇمانسىراپ باغۋەندىن سوراپتۇ:

— بوۋا، بۇ بېلىق نېمىشقا سۇ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىدۇ؟

— غوجام، — دەپتۇ بوۋاي قول باغلاپ، — پانىي ئالەمدە جېنى بارلىكى نەرسىنىڭ جۈپتى بولىدۇ، ئەمما بۇ بىچارە



بېلىق جۇپتىدىن ئايرىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئوقچۇپ سۇ ئۇستىگە چىقىشى — جۇپتىنى ئىزدىگەنلىكى، سۇ ئاستىغا شۇڭغۇشى — داد ـ پەرياد چەككەنلىكى.

— بوۋا، بۇ بېلىقنىڭ جۇپتى نەدە؟ — دەپ سوراپ تۇ-رۇۋاپتۇ شاھزادە. بوۋاي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:

— غوجام، بۇنى سىلى سورىمىسىلا، مەن ئېيتمىسام بولاتتى، سوراپ قالىلا، خەير، بوپتۇ، نامەردلىك قىلماي ئېيت-تىپ بېرەي، — دەپتۇ سۆز باشلاپ، — بىر زامانلاردا بۇ بې-لىق بىر جۇپ ئىدى، ئۇ چاغدا جۇپتى بىلەن ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ ئوينايتتى، نەسىل قالدۇراتتى. ئاتىلىرى شەھە-رىمىزگە پادىشاھ بولغان كۈندىن باشلاپ بېلىققىمۇ ئامانلىق نېسىپ بولمىدى. مانا بۇ بىچارە بېلىقنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ كۆلچەككە سولاپ قويدى. ھەر كۈنى پەقەت بىر ۋاخ كېلىپ بېلىق تاماشىسىنى كۆرۈپ كېتىدۇ. «مۇشۇككە ئويۇن، چاش-قانغا قىيىن» دېگەن شۇدۇر، بەلكىم.

شاھزادە ئىمىر بۇ بېلىقنىڭ دەريادىكى بېلىقنىڭ جۇپتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ ۋە بېلىقنى تۇتۇپ كوزىغا سېلىپ ئې-لىپ مېڭىپتۇ. بوۋاي شاھزادىنىڭ ئالدىنى توسۇپ يالۋۇرۇپتۇ:

— جېنىم غوجام، — دەپتۇ بوۋاي تىزلىنىپ، — تۇر-مۇشۇم مۇشۇ باغقا، بېلىققا قاراش بىلەن ئۆتىدۇ، بېلىقنى ئېلىپ كەتسىلە شاھ كاللامنى ئېلىشتىن يانمايدۇ. خوش بولاي، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەي، ئالته بالامنى باققىلى قويسىلا.

بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرى شاھزادە ئىمىرنىڭ يۈرەك تارلى-رىنى چېكىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ خەزىنىدىن بوۋايغا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈدەك دۇنيادەپىنە بېرىپ ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋەت-كەندىن كېيىن، دەريا بويىغا قاراپ كېتىپتۇ ۋە بېلىقنى دەر-ياغا قويۇۋېتىپتۇ. شاھزادە قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئانىسى

بىر بۇلۇڭدا يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. شاھزادە ھەيران بولۇپ، يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئانا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ:

— بالام، كۆلچەكتىكى بېلىقنى دەرياغا قويۇۋېتىپ يامان قىپسەن. ئاتاڭ ئاچچىقلاپ: «بەتبەخت شۇمۇڭنى بۇگۈنلا كۆزۈمدىن يوقات، بولمىسا ئالدىڭدا كاللىسىنى ئېلىپ، گۆشىنى چەيلەپ، سۆڭىكىنى سەيلەيمەن» دېدى. جېنىڭنى چەتكە ئالمىساڭ ئەپلەشمىگۈدەك، جېنىم قوزام، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، ئانا، ئاتام مېنى بىر بېلىقچىلىك كۆرمىگەن بولسا، كېتەي! — دەپتۇ شاھزادە. ئانا ئوغلىنى توختىتىپ:

— بالام، يالغۇز كېتىۋاتىسەن، كۆرگەنلىكى ئادەمنى دوست تۇتما. ئاۋۋال ئۇنى سىناپ باق: دوست بولغۇچىنى ئۆزۈڭ خالىغان يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، باشقا يەرگە بېرىپ ئۇزۇندىراق كەل، ساقلاپ تۇرالىغىنى ۋاپالىق دوست چىقىدۇ، كېتىپ قالغىنى ئەسقاتمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇقتۇم، جان ئانا، نەسىھەتلىرىڭنى قۇلىقىمدا تۇتىمەن، — دەپتۇ شاھزادە ۋە بىر خۇرجۇنغا نان، بىر قاپاقتا سۇ قاچىلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى دەشت - باياۋان ئىچىدە مىڭ بىر جاپادا كېتىۋاتسا، ئارقىسىدىن ئىككى يىگىت يېتىپ كەپتۇ ۋە ئىمىردىن نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئىمىر سەپەرنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. يىگىتلەر ئىچ ئاغرىتىپ، دوست بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئىمىر ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— ئىككىڭلار مۇشۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن تەرەت قىلىۋېلىپ كېلەي، — دەپتۇ.

يىگىتلەر قوشۇلۇپتۇ. ئىمىر تامبىلىنىڭ بېغىنى تۇتقان هالدا ئۇلاردىن يىراقلىشىپتۇ ۋە بىر ئازگالغا چۈشۈپ بىرپەس ئولتۇرۇپتۇ. يىگىتلەر بولسا ئىمىرنىڭ خۇرجۇنىدىكى نانىنى راسا يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئىمىر قايتىپ كېلىپ، قۇرۇق خۇرجۇننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، بوينى ئۇزۇۋېتىلگەن قاپىقىنى قالدۇرۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ يەنە بەش كۈن مېڭىپتۇ، دەشتتىن چىقىپ بولالماپتۇ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، پىژ - پىژ ئاپتاپ، بوران ئازابىدىن جېنى ئاز قاپتۇ، لېكىن ئارقىسىغا يېنىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە كېتىۋاتسا، ياندىكى چىغىر يولدىن ياش قۇرامى، بوي - تۇرقى ئۆزىدىن سەل چوڭراق، كېلىشكەن بىر يىگىت چىقىپ ئۇنىڭغا سەپەرداش بوپتۇ. يىگىت ئىمىرنىڭ هالىغا ئېچىنىپ ئۇنى تائام يېيىشكە، سۇ ئىچىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئىمىر خۇش بولۇپ غىزالىنىپتۇ ۋە يىگىتنىڭ دوست بولۇش تەلىپىنى سىناپ كۆرمەك بولۇپ: «ۋاي قورسىقىم !» دەپ قورسىقىنى چاڭگاللاپ يەردە يۇملاپتۇ. يىگىت ئۇنى يۇدۇپ ئون پوتەي يول يۈرۈپتۇ، لېكىن «غىڭ» دېمەپتۇ. بىر چاغدا ئىمىر تەرەت قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ، يىگىتنى بىر قاقاس تۆپىلىكتە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تەرەتكە مېڭىپتۇ. بىر ئازگالنى تېپىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ. قايتىپ كەلسە، هېلىقى يىگىت جايىدىن مىدىرلىماپتۇ. ئىمىر ئىچىدە، ئانام ئېيتقان ۋاپادار دوستنى تېپىپتىمەن، دەپ ئويلاپ چەندان خۇش بوپتۇ - دە، دوست بولۇشقا قول بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ يىگىت شەرت قويۇپ، — بىرىنچىدىن، مەن ئاكا، سەن ئۇكا بولىسەن؛ ئىككىنچىدىن، مەن نېمە دېسەم ياق دېمەيسەن؛ ئۈچىنچىدىن، تاپقاننى تەڭ ئۈلىشىمىز؛ تۆتىنچىدىن، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز چايان بىلەن

پاقىنىڭ دوستلۇقىدەك بولۇپ قالمىسۇن.

— خوش، ئاكا، ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ، — دەپتۇ ئىمىرمۇ بېشىنى ئېگىپ.

ئۇلار يولغا چۈشۈپ، مۇڭدىشا - مۇڭدىشا بىر شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ شەھەردىكى چوڭ - كىچىك ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى بېلىگە ئاق باغلاپ، ئاياللار ئاق رومال ئارتىپ يۈ-رۈشىدىكەن، ئويۇن - تاماشا، نەغمە - ناۋادىن ئەسەر يوقكەن. شاھزادە ئىمىر بىلەن يىگىت ھەيران بولۇپ كوچا ئارىلاپ كېتىۋاتسا، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىق تۆت لەشكەر ئات ئوينى-تىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ يېتىپ كەپتۇ - دە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختاپ سوراپتۇ:

— ھەي ھاڭۋاقتى يىگىتلەر، پادىشاھ ھەزرەتلىرى مۇسى-بەتتە، پۈتۈن شەھەر ئەھلى ھەسرەت - نادامەتتە، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاق باغلىمىدىڭلار؟ يۈرۈڭلار، ئوردىغا بارىمىز !

ئىمىر تىزلىنىپ يالۋۇرۇپ گۇناھىنى تىلەپتۇ. يىگىت ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە يېڭىلا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، تۆت تىللا تەڭلەپتۇ. لەشكەرلەر تىللانى ئېلىپ، ئاتلىرىنى قامچىلاپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئىمىر بىلەن يىگىت كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، بەللىرىگە ئاق باغلاپ شەھەردە مەدىكارلىق قىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، كىشىلەر قارد-لىقلىرىنى يېشىۋېتىشمەپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار مەدىكار بازىرىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، قېشىدىكى بىرىدىن:

— پادىشاھ كۈنىگە بىر ئۆلۈم ئۈزىتامدۇ؟ — دەپ سورد-غانىكەن، ئۇ كىشى:

— ھەي ئۇكىلار، ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا، — دەپ گېپىنى باشلاپتۇ، — پادىشاھنىڭ ئايىغى شۇم بىر قىزى بار. ئۇنى ھەر قېتىمدا قىرىق كېچە - كۈندۈز تويى ئۆتكۈزۈپ

ياتلىق قىلىدۇ. قىرىقىنچى كۈنى ئاخشامدا قىزنىڭ قېشىدا ساپمۇساق قالغان يىگىت قىرىق بىرىنچى كۈنى سەھەردە يەرلىكىدە ياتىدۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى يىگىتنىڭ ھازىسىنى تۇتۇپ كۈننى ھەپتىگە، ھەپتىنى ئايغا، يىلنى يىلغا ئۇلايدۇ، ھازا تۇتمىغانلار قىلىچ ئالدىدا: «ۋايداد !» دەپ توۋلايدۇ.

يىگىت بۇ گەپتىن كېيىن شاھزادە ئىمىرگە:

— ئىنىم، سەن بولساڭ داڭقى چىققان، ھەددى - ھېسابسىز دۇنيا يىغقان شاھ ئوغلى، كىشىنىڭ شەھىرىدە بوينۇڭنى قىسىپ، مۇساپىرلار كوچىسىغا كىرىپ يۈرسەڭ ئۆزۈڭگىمۇ نومۇس، شاھقىمۇ ئاھانەت. شۇڭا، مۇشۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ ئوردىدا بولساڭ دەيمەن، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.

يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئىمىرنىڭ پۇت - قولىدا جان قالماپتۇ. ئاكام مەندىن زېرىككەن ئوخشايدۇ، بولمىسا بىلىپ تۇرۇپ قاتىل قىزنى ماڭا سايە قىلاتتىمۇ؟ بولدى، ئۇنداق دوستۇم يوق، ئاستا كېتىۋالاي، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇيۇ، ئاكا - ئۇكا بولۇشقان چاغدا پۈتۈشكەن شەرتلىرى ئېسىگە كېلىپ، بويىنىنى قىسىپ جىم تۇرۇپتۇ. يىگىت ئىمىرگە ئەڭ ئېسىل شاھزادىلەر كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، ئۆزىمۇ قېلىشمىغۇدەك ياسىنىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.



— كەمنىنلىرى، — دەپتۇ يىگىت بېشىنى ئېگىپ، — كۈنگەي شەھەر پادىشاھىنىڭ شاھزادىلىرى بولىمىز. بۇ مېنىڭ ئىنىم، ئاتامنىڭ ئەركە بالىسى. ئۇ چۈشىدە ئالىيلىرىنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قاپتىكەن، ئاتىمىز ئۆزى ئالدىلىرىغا كەلمەكچى بولۇپ سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىۋىدى، ئىنىم تاقەت قىلالماي بالدۇرراق يولغا چىقىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاتام ئىنىمنىڭ تەقەززاسىغا چىدىماي بىزنى ئالدىن ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتتى، نېمە دەرلىكىن؟

— ئىككى قولۇم كۆكسۈمدە، بىراق قىزىمنىڭ بىر چوڭ ئەيىبى بار: ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن يىگىت تىرىك كىرىپ، ئۆلۈك چىقىدۇ. شاھزادە قاۋۇل - كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، ئۆلۈپ كەتسە، پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە جاۋاب بەرمىكىم بەسى مۈشكۈل، — دەپتۇ شاھ ئۆزرە ئېيتىپ.

يىگىت: «ھەرنېمە بولسا مەيلى» دەپ تەلىپىدىن يانماي، لەۋزىدىن تانماي تۇرۇۋاپتۇ. ئىلاجسىز قالغان پادىشاھ قىزىنى شاھزادە ئىمىرگە بەرمەك بوپتۇ. خەزىنىدىن پۇل چىقىرىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىدىغان چاغدا، يىگىت شاھزادە ئىمىرنى توختىتىپ، بىر خۇمرا شارابنى تەڭلەپ تۇرۇپ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— ئىنىم، ھەر كۈنى ياتار ۋاقتىدا مەلىكىگە بۇنىڭدىن بىر ئوتلام ئىچۈرسەڭ، ئۇ بىخۇد بولۇپ بىر كېچە ئۇخلايدۇ، ئۆزۈڭ ئىچمەي باشقا ئورۇندا يات. مەن ئىجازەت بەرمىگۈچە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتقۇچى بولما، بىقارار قوشۇلۇپ قالساڭ جېنىڭدىن ئايرىلغىنىڭ شۇ. ئەمىسە خۇداغا تاپشۇردۇم، ماڭ!

ئىمىر ۋەدە بېرىپ شەرتلەرنى ئورۇنداپتۇ. لېكىن، پادى-
شاھ ئەنسىرەپ ئۇخلىيالماپتۇ، كېچىچە ۋەزىر، ئوردا مۇلازىم-
لىرىنى خەزىنىگە چاپتۇرۇپ، كۈيئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە تەييار-
لىق قىلدۇرۇپتۇ. ئۆزى ھازا كىيىملىرىنى كىيىپ تەخ بوپ-
تۇ. شەھەر قازىكالانلىرى، ئىمام - مەزىنلەر سۈبھى دەم بى-
لەن تەڭ جامەگە يىغىلىپ شاھزادە ئىمىرنىڭ نامىزىنى چۈ-
شۈرۈشكە ھازىرلىنىپتۇ. ئاخۇنۇملار پۇقرالارغا ئالتۇن جازى-
لىق، كىمخاب يوپۇقلۇق جىنازىنى كۆتۈرگۈزۈپ ئوردا ئالدىدا
كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. گۆركارلار پادىشاھ قەبرىستانلىقىدىن تاش
گۈمبەزلىك شام گۆر كولاپتۇ. ئاياللار، بالىلار پەرمانغا ئىتا-
ئەت قىلىپ، موریلىرىدىن تۈتۈن چىقارماي ئوردىغا بېقىپ
غەمكىن ئولتۇرۇپتۇ. ئاشخىچە تاڭمۇ ئېتىپتۇ، ھېچ گەپ بول-
ماپتۇ؛ كۈن چىقىپتۇ، ھېچ گەپ بولماپتۇ؛ چاي ۋاقتى بوپتۇ،
ھېچ خەۋەر تارقالماپتۇ، قوزىچۇش بىلەن خالايىق دېلىغۇل بو-
لۇشۇپ ماكانلىرىغا قايتىشىپتۇ. پادىشاھ ھازا كىيىمىنى ئال-
ماشتۇرۇپ، مەلىكە بىلەن شاھزادە ئىمىر ياتقان ھۇجرىغا
دەرگۇماندا كىرىپ قاراپتىكەن، ئىككىسى بىر ئوبدان، قەدى-
ناس ئەر - خوتۇنلاردەك مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھ بۇ
ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ دەپ ھەيران بولۇپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ.
ئۇ كۈنى ئۆتۈپ كەچ بوپتۇ، پادىشاھ يەنە غەم - غۇسسىگە
پېتىپ، تورۇسقا قاراپ يېتىپ كېچىنى تاڭغا ئۇلاپتۇ،
پۇقرالارمۇ شۇ تەرىقىدە تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەمما، ئۇ كېچىمۇ
تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە سەھەر
تۇرۇپ، چارباغنى سەيلە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئەنە شۇ
تەرىقىدە خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئىمىر ئۆلمەپتۇ.
ئوردىدىكىلەردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە قانغۇدەك ئۇخلاپ ھار-
دۇقىنى چىقىرىپتۇ، نەغمە - ناۋا قىلىپ، دىشۋار كۆڭۈللى-

رىنى راسا ئېچىپتۇ. پادىشاھ خۇش بولۇپ، شاھزادە ئىمىرنى بېشىدا كۆتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ نېمە خىسلىتى بارلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ، كېنىزەكلەردىن پايلاقچى قويۇپتۇ. ۋەزىرلەر قىزغىنىپ، ئىمىرنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىگىت پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئى پادىشاھئالەم، ئۆيىمىزدىن ئايرىلغىلى يەتتە ـ سەككىز ئاي بوپتۇ، ئاتىمىز شۇ چاغقىچە يېتىپ كېلەلمىدى. بىرەر پېشكەللىك بولدىمىكىن، دەپ كۆڭلىمىز ئەنسىرەپ تۇرالماي قالدۇق، بېرىپ يوقلاپ كەلسەك دەۋاتىمىز. ئىشەنسىلە، مەلىكەمنى بىزگە قېتىپ قويسىلا، ئىشەنمىسىلە، ئېلىپ قالسىلىمۇ ئاغرىنمايمىز، — دەپتىكەن، پادىشاھ:

— قىز بالا ئەردە ياخشى، ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى. ئۇنى ئالغاچ كېتىڭلار، قۇدامىمۇ كۆرسۇن، — دەپتۇ ـ دە، خەزىنىچىگە ئېيتىپ قىرىق ئاتلىق دۇنيادەپىنە، مال ـ مۈلۈك جابدۇتۇپ، كېنىزەكلەردىن قىرىقنى ھەمراھ قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

يىگىت بىلەن شاھزادە ئىمىر مەلىكىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، كېنىزەكلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ شەھەردىن ئايرىلىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، كېنىزەكلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، بىر دەريا بويىدىكى بوستانلىقتا توختاپتۇ. يىگىت يۈك ـ تاقلارنى يەشمەي تۇرۇپ، شاھزادە ئىمىردىن:

— مېنىڭمۇ شەھرى دەريادا ماكانىم، بالا ـ چاقىلىرىم بار، مەن مۇشۇ يەردە سەندىن ئايرىلىمەن. ئىنىم، ئات ـ ئۇلاغ، مال ـ مۈلۈكنى قانداق ئۈلىشىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باشتا شەرتلەشكەنمىز، تەڭ ئۈلىشەرمىز، — دەپتۇ شاھزادە.

— ئۇنداق بولسا مەن تەقسىم قىلاي، مەلىكە شاھەت بولسۇن، سەن قاراپ تۇرغىن، — دەپتۇ يىگىت ۋە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئاتلارنى قۇلىقىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن چەنلەپ، قۇيرۇقىنىمۇ پەملەپ چىپىپ تاشلاپتۇ. يىگىت ھەر-بىر ئاتنىڭ بىر يوتىسىنى ئوڭ تەرەپكە، بىر يوتىسىنى سول تەرەپكە ئايرىپ: «ماۋۇ سىنىڭ، ماۋۇ مىنىڭ» دەپ ئۈلەشتۈ-رۇپتۇ. يىگىتنىڭ قىلىقىدىن ھەيران قالغان شاھزادە رەنجىپ سوراپتۇ:

— ئاكا، ئاتلارنى نىمىشقا ئۆلتۈرۈۋېتىلا؟ نەرسىلەرنى ئەمدى قانداق ئېلىپ كېتىمىز؟

— بىلسەڭ، ئىنىم، ئاتلارنىڭ ئورۇق - سىمىزلىكى، چوڭ - كىچىكلىكى، ئۇ ئات بىلەن بۇ ئاتقا ئارتىلغان مال - مۈلۈك ئوخشىمايدۇ، ئۇنى مۇشۇنداق تەقسىملىۋالساق، «نىمە تاپساق تەڭ» دىگەن شەرت ئادا بولىدۇ، شۇڭا ئاشۇ چارىنى قوللاندىم، — دەپتۇ يىگىت.

قورقۇپ كەتكەن مەلىكە بىللە كەلگىنىگە پۇشايمان ئەيلەپ، يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز - ئۆزىچە: «بۇ ئادەم ئەجەبمۇ پىت ئۇچەي» ئىكەن دەپ قاپتۇ. شاھزادە ئىنىمىر، ئات تۈگەشتى، ئەمدى مەلىكىنى تەڭ ئالىمىز دىسە قانداق قىلارمەن؟ دەپ غەمگە پېتىپ تۇرسا، دىگەندەك يىگىت:

— ئىنىم، مەلىكىنى قانداق ئۈلىشىمىز؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

شاھزادە ئىمىرنىڭ تىرىك تۇرۇپ جېنى چىقىپتۇ، چىرايلىرى سارغىيىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماي دەپتۇ:

— ئىلتىپات ئۆزلىرىدە، ئاكا.

— خوش، شۇ گىپىڭ راست بولسا، مەلىكىنىمۇ ئىككى



كاسا قىلىپ، يې-
رىمدىن ئۇلشىد-
مىز، — دەپتۇ يى-
گىت ۋە مەلىكى-
نىڭ پۇت - قو-
لىنى چەمبەرچاس
باغلاپ، ئوڭ قولى
بىلەن ئوڭ پۇتىنى
بىر تۇپ دەرەخكە،
سول قولى بىلەن
سول پۇتىنى يەنە بىر تۇپ دەرەخكە ئېسىپتۇ. مەلىكە ئاھ ئۇ-رۇپ سىلكىنىپ باقسىمۇ قىمىرلىيالماپتۇ.

شاھزادە يىگىتنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ، مەلىكىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ. «تېگىشلىكىمدىن كېچەي، مەلى-كىنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەتسىلە، ئاكا» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. يىگىت ئۇنىماي، قىلىچىنىڭ سېپىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مەلىكىگە قاراپ ئېتىلىپتۇ. شاھزادە ئىمىر قورققىنىدىن جان - پېنى چىقىپ هوشىدىن كېتىپتۇ. مەلى-كە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بار كۈچى بىلەن چىرقىراپ سىلكىنىپتىكەن، ئىچىدىن بىر ئاق يىلان ئېتىلىپ چىقىپ يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. يىگىت مەلىكىنى دەرەختىن چۈشۈ-رۈپ، يېشىپ دەسسىتىپتۇ ۋە كەۋسەر سۈيى ئىچۈرۈپ ماغدۇ-رىغا كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە ئىمىرنىمۇ شۇ ئۇسۇلدا هوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، مەلىكە كۈلۈمى-سىرەپ، باغرىنى ئېچىپ تۇرغۇدەك. شاھزادە نېمە ۋەقە بول-غانلىقىنى ئاڭقىرالماي سوراي دەۋاتسا، يىگىت يىلاننى كۆر-سىتىپ دەپتۇ:

— ئىنىم، بۇ زەھەرلىك يىلان مەلىكەم تۆرەلگەندە بىللە تۆرەلگەن، تۇغۇلغاندا مەلىكەمنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان. مەلىكەم ياتلىق بولسىلا ئېرىنىڭ زەكىرىنى چېقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بىلسەڭ، ئىنىم، مېنىڭ سېنى مەلىكەم بىلەن بىر ئورۇنغا قوشۇلغىلى قويمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى. ئەمدى ئۇنى ئۆزۈڭ ئېلىپ كەت. ئامراق، ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇن بولۇڭلار !

شاھزادە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن يىگىتنىڭ ئاق نىيەتلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۆيلىغانلىرىغا پۇشايمان قىپتۇ ۋە تىزلىنىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. يىگىت ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ:

— گېپىمگە قۇلاق سال، ئىنىم، بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئاتاڭ مېنى دەرياغا قارماق تاشلاپ تۇتۇپ، جۇپتۇمدىن ئايرىپ، چارباغدىكى كۆلچەككە قاماپ قويغانىدى، سەن قۇتقۇزۇپ جۇپتۇمگە قوشۇپ قويدۇڭ. شۇ سەۋەبتىن ئاتاڭ سېنى ھەيدەپ چىقاردى. مەن ساڭا بىر ئۆمۈر ياخشىلىق قىلساممۇ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ياندۇرۇپ بولالمايمەن. بېشىڭغا كۈن كەلسە مېنى دەريا بويىدىن تاپقىن: «بېلىقىم - بېلىقىم، شاھزادە كەلدى» دەپ چاقىرساڭ قېشىڭدا ھازىر بولىمەن. خەير ! — دەپتۇ - دە، ئالتۇنبېلىققا ئايلىنىپ دەرياغا چۈشۈپ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپتۇ.

شاھزادە ئىمىر بىلەن مەلىكە دەرياغا قاراپ بىرھازا خۇشاللىق يېشى تۆككەندىن كېيىن دالىغا قارىغانىكەن، ئاتلار ئەسلىگە كېلىپ كىشنەپ تۇرغۇدەك، يۈك - تاقلارمۇ ئارتىقلىق پېتى تۇرۇپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە ئۆز ئارغىماقلىرىغا مىنىپ، قىرىق ئاتنى ئالدىغا سېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شاھزادىنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدا پۈتۈن يۇرتقا كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

# شاھزادە نەۋجاھان

زامانى ئاۋۋالدا بىر شەھەر بار ئىكەن، ئۇ شەھەرنىڭ باي-
لىقىنى سىغدۇرۇشقا جاھان تار ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئىسمى
بەختىيار ئىكەن. پادىشاھ بەختىيار قىرىق يىل سەلتەنەت
سۈرۈپ ئون ئىككى خوتۇن ئاپتۇ، ئەمما ھېچبىرىدىن پەرزەنت
كۆرمەي، تامامي خوتۇنلىرىدىن كۆڭلى قاپتۇ. شۇ ۋەجىدىن
شاھنىڭ كۆڭلى تولا غەش بولۇپ، ئىشتىھاسى سۇسلاپ، ئەت-
لىرى بوشىشىپ، تەرسالىشىپ، بارغانسېرى جۇدۇنلۇق بولۇپ
كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر - ۋۇزرالار باش قوشۇپ مەجلىس قۇ-
رۇپتۇ، شاھقا يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ بەرمەك كېرەك، دەپ
گەپنى ئۈزۈپتۇ. مەسلىھەت بويىچە بەختىيار شاھ ئۆيلىنىپتۇ.
ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خوتۇنى ھامىلدار بوپتۇ. توققۇز ئاي توق-
قۇز كۈن توققۇز سائەت ۋە توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ
بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىپتۇ. بۇ خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە
يەتكەن پادىشاھ بەختىيار پۈتۈن ئەلگە قىرىق كۈن ئاش بېرىپ
ئات تويى قىپتۇ ۋە: «بۇ جاھاندىكى ھەقىقىي كۈنلىرىم مۇشۇ
ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن باشلاندى» دەپ شادىمان بولۇپ،
توي - تاماشانىڭ قىرىق بىرىنچى كۈنى ئوغلىنىڭ ئېتىنى
نەۋجاھان قويۇپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئوقۇش يېشىغا توشقاندا

مەكتەپكە بېرىپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە نەۋجاھان مەكتەپتىن قايتىپ كې-لىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تەڭتۈش بايۋەچچە - بەگزادىلەرنىڭ ئالتۇن ساقا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۆردىغا يانغاندىن كېيىن: «ئاتا، مەن بىلەن تەڭ باللار ئالتۇن ساقا ئوينايدۇ-كەن، مەنمۇ ئالتۇن ساقا ئوينايمەن» دەپتۇ. شاھ نەۋجاھانغى-مۇ ئالتۇن ساقا سوقتۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ شاھزادە نەۋجاھان مەكتەپتىن يېنىپ مەيداندا ئالتۇن ساقا ئوينايدىغان بوپتۇ. شۇ تەرىقىدە نەچچە يىل ئۆتۈپ، نەۋجاھان-نىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ چوپچوڭلا يىگىت بوپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە نەۋجاھان تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوي-ناۋاتسا، كوچىنىڭ بىر تەرىپىدىن چىپىپ كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. نەۋجاھان ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ، تۈرلۈك ئوۋچىلىق قوراللىرى ئاسقان، ئېتىنىڭ كەينىگە ئوۋ قىلغان كېيىك، توشقانلارنى غانجۇغىلاپ تاڭغان ئوۋچىلارنى كۆرۈپتۇ - دە، مەن مۇشۇ شەھەردىن چىقماي چوڭ بوپتىمەن، مانا ئەمدى كۈچ - قۇۋۋەتكىمۇ تو-لۇپتىمەن، ئاشۇ ئوۋچىلار بىلەن شەھەر سىرتىنى كۆرۈپ كەلمەيمەنمۇ، دەپ خىيال قىلىپ، ئۆردىغا كېلىپلا دادىسىدىن ئۆزىنى ئاشۇ ئوۋچىلارغا قوشۇپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئە-تىسى پادىشاھ ئوغلىنى ئوۋچىلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئوۋچىلارغا قوشۇلۇپ شەھەردىن چىقىپ، بىر ئاچال-غا يېتىپ كەپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ ئوۋچىلار، — ئادىتىمىز بويىچە ھەربىرىمىز بىردىن يولغا ئات سالىمىز، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن يانىمىز. ئەمما، سىز بۇ جايلارنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلمەيسىز، شۇڭا خالىغان بىرىمىزگە قوشۇلۇپ ئوۋ قىلىڭ.

— ئەي ئوۋچىلار، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجاھان، — مەن بالىغ بولغان يىگىتمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يوللار ھەربىر دىمىزگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن، شۇڭا مەنمۇ يالغۇز ئوۋ قىلىمەن.

— بۇ گېپىڭىزگە ماقۇل دېيىش ھەددىمىز ئەمەس. سىزنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىڭىز بىزنىڭ گەدىنىمىزدە، شۇڭا خالىغان بىرىمىزنى تاللاڭ، — دەپ ئوۋچىلارمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئەمما، يىگىتنىڭ غۇرۇرى غالىب كېلىپ، ئوۋچىلارنىڭ يېلىنىش - يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇدۇل كەلگەن بىر يولغا ئات سېلىپ بوراندەك چىپىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە شاھانە ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ، بورانلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ مېڭىۋېرىپتۇ، ئەمما ئوۋ قىلغۇدەك ھېچ نەرسە ئۇچرىماپتۇ. قۇرۇق قول يېنىشقا نومۇس قىلغان نەۋجاھان يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ، بىر چاغدا ئالدى تەرەپتە بىر قارا چېكىت كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئوقيانى بەتلەپ، كىرىچىنى راسا تارتقان پېتى ئات چاپتۇرۇپ ھېلىقى قارا چېكىتكە يېقىنلاپتۇ. قارىسا، ھاردۇق يەتكەنلىكتىن كۆزلىرىدىنىڭ نۇرى قېچىپ، چىرايى تاتارغان، ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان، ئېگىلگەن بەللىرى تالدا چىگىلگەن بىر ئادەم ئىكەن. شاھزادە نەۋجاھان: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەممۇ: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ توختاپتۇ. نەۋجاھان سوراپتۇ:

— ئەي ئاتا، سەپەرلىرىنىڭ مەنزىلى قايان؟ تېز مېڭىشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي نەۋجاھانغا، — بۇنى سورىمىساڭ ياخشى بولاتتى، سوراپ قالدىڭ، جاۋاب بەرمىسەم ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. خەير، جاۋاب بېرەي. تۈنۈگۈن كېچە



بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئاسماندىن بىر ئاي چۈشۈپ، چەپ يېنىمدىن كىرىپ، ئوڭ يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. بۈگۈن كېچە يەنە چۈشۈمدە كۈن ئوڭ يېنىمدىن كىر-رىپ، چەپ يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. كۆر-گەن چۈشۈمنى قۇر-ئەندازلارغا ئېيتسام، ئۇلار قۇرئە كۆرۈپ: «ئەي چۈش ئىگىسى، سىز بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراقتىكى بىر جايغا بارسىڭىز، كۆرگەن چۈشىڭىزنىڭ پايدا - زىيىنىنى كۆرىسىز» دېدى، شۇڭا مەن بۈگۈن ئەتىگەن يولغا چىققانىدىم.

ئىككى پۇتىنىڭ بىرى گۆرگە ساڭگىلىغان، بىر چۈشنىڭ تەبىرى ئۈچۈن ئۈچ ئايلىق مەنزىلگە بارىدىغان بوۋاينىڭ غەي-رەت - شىجائىتىگە ھەيران قالغان نەۋجاھان، بىر بوۋاي جې-نىدا شۇنچىۋالا ئېغىر مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئاپتۇ، نېمە ئۈ-چۈن مەن ئۇنىڭ ئىشىغا ھەمدەم بولمايمەن، دەپ ئويلاپ:

— ئى ئاتا، مەنزىللىرى بەك يىراقكەن، ئۆزلىرى مۇشۇ جايدا مېنى ساقلاپ تۇرسىلا، سىلى ئۈچۈن مەن بېرىپ، چۈشلىرىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزلىرىگە تاپشۇراي، — دەپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي، — ھىممىتىڭگە كۆپ رەھمەت، ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، چۈنكى ھەرىكەتسىز

ئىشتا بەرىكەت يوق !

بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەن شاھزادە نەۋجاھان بوۋاينى بۇ مۇشەققەتتىن بىر يولى خالاس قىلماق بولۇپ:

— ئى ئاتا، ئۇنداق بولسا، چۇشلىرىنى ماڭا سېتىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — ئۆزۈڭ خېلى تۈزۈك يىگىتتەك قىلىسەن، ماقۇل، چۇشۇمنى ساڭا سېتىپ بەرسەم بېرەي، ئەمما باھاسى ناھايىتى قىممەت، ئىككى دانە گۆھەر بەرسەڭ بېرىمەن.

— بولدى، ئالدىم، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجاھان ۋە يېنىدىن ئىككى دانە گۆھەرنى ئېلىپ بوۋايغا بېرىپ، ئۈچ ئايلىق مەنزىلنى كۆزلەپ ئات سېلىپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئۈچ ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ، بىر جاڭگاللى مازاندىرانغا يېتىپ بېرىپتىكەن، كۆزلىرىگە بىر تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئەسكى ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان، ئۈچ كۈن توختىماي يول يۈرۈپ ھېرىپ - ئېچىپتىمەن، ئېتىممۇ ھېرىپتۇ، بۈگۈن كې-



چە مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ، ئەتە يولۇمنى داۋاملاشتۇراي، دەپ ئەسكى ئۆينى چۈشكۈن قىپتۇ ـ دە، ئاتنىڭ بوغۇز يېگەن ئاۋازىنى تىڭشاپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئات تۇياقلىرىنىڭ «دۇپۇر ـ دۇپۇر» ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، بۇ چۆلدە ئۈچ كۈن تەنها يول يۈرۈپتىمەن، ھېچ نەرسە ئۇچرىمىغانىدى، ئەمدى بۇ نېمە سىر ـ ئەسرادۇر، دەپ ئويلىنىپ تۇرغانىكەن، ئىككى ئاتنى يېتىلىۋالغان نىقابلىق بىر كىشى ئەسكى ئۆيگە كىرىپ:

— يىگىت، ماۋۇ ئاتقا مىنىپ، كەينىمدىن مېڭىڭ! — دەپتۇ. تەئەججۇپ ئىچىدە قالغان شاھزادە نەۋجاھان، نېمە بولسا بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دەپ گەپ ـ سۆز قىلماي نىقابلانغان كىشىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىپتۇ. ھېلىقى كىشى يەنە:

— ئېتىڭىزنى مېنىڭ ئېتىمنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاڭ، ئارىلىقنى ئۆزىڭىز چاغلاڭ، — دەپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئىككى ئاتنىڭ ئارىلىقىنى چاغلاپ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىغا ئۆز ئېتىنى باغلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر كېچە يول يۈرۈپلا بىر ئايلىق يولنى تۈگىتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن شاھزادە نەۋجاھان، ماڭ دېدى، ماڭدىم، ئەمما بۇ كىشى كىم، بىلمەيمەن. ئالدىغا ئۆتۈپ بىر قاراپ باقاي، ئۆزىدىن گەپ سوراپ باقاي، دەپ نىقابلىق كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئاتنى توختىتىپتۇ ۋە:

— ئەي نىقابلىق كىشى، كىم بولىسىز؟ مېنى قەيەرگە ئاپىرىسىز؟ — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ نىقابلىق كىشى نىقابىنى كۆتۈرگەچ، — سىزنى مۇشۇ جايغا ئەكەلگەن ئادەم بولىمەن.

شاھزادە نەۋجاھان كۆرۈپتۇكى، كۆز ئالدىدا بىر ئاي، بەلكى ئايدىنمۇ گۈزەل بىر پەرى تۇرغۇدەك. نەۋجاھان ھېلىقى

بوۋاينىڭ چۈشىدە ئاسماندىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ چەپ يېنىدىن كىرىپ ئوڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەن ئاي مۇشۇ جانان ئىدى-كەن، دەپ ئويلاپ شۇ ھامان قىزغا ئاشىق بوپتۇ. قىزنىڭ ئاپتاپتەك چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ:

— ئەي يىگىت، ئاتام بىلەن ئانام كۈھىقاپ شەھىرىدە تۇرىدۇ. ئۇلار مېنى تاغامنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولغانىدى، بىراق تاغام بىلەن ئاتام ئۇرۇشۇپ قېلىپ مېنى ئۇنىڭغا بەر-مەيدىغان بولدى. تاغامنىڭ ئوغلى بىلەن ئىككىمىز ۋەدىلەش-كەنىدۇق. ئاتا - ئانامنىڭ مېنى ئۇنىڭغا بەرمەيدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، مەن تاغامنىڭ ئوغلىنى سىز بىلەن



ئۇچراشقان جايدا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدىم. مەن سىزنى تا-غامنىڭ ئوغلى، دەپ بىلىپ بۇ جايغا باشلاپ كەپتىمەن. ئەمدى مېنى ئەپۇ قىلىڭ - دە، بۇ يەردىن دەرھال كېتىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي تەڭدىشى يوق پەرى، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجا-ھان، — مەن بىر مۇساپىرمەن، مېنىڭ خەجلەيدىغان پۇلۇم، يېمەك - ئىچمىكىم ئەسكى تاملىقتا قالدى. مانا ئەمدى سىز-نىڭ ئىشقى پىراقىڭىز يۈرىكىمگە بۈركۈتتەك چاڭگال سالدى، كېتەلمەيمەن.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ پەرى خىجىللىق ئىلكىدە، — بۇ ئەيىب مەندە، بىراق مېنىڭ جۈپتىكارىم بار، سىزنى ئې-لىپ قالالمايمەن.

— ئەي پەرى، ئىشق ئەھلىنىڭ دىلبىرى، سىزنىڭ ئاي يەڭلىغ رۇخسارىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇش، سۆھبىتىڭىزگە ھەر دائىم داخىل بولۇپ تۇرۇش ئارزۇ - ئارمانلىرىمنىڭ قىبلى-سىدۇر. ئەگەرچەندە جۈپتىكارىڭىز پەيدا بولسا، مەن سىزگە سادىق خىزمەتكار بولاي، پەيدا بولمىسا، مەن سىزگە جۈپتى-كار بولاي. مېنى ئېلىپ قالسىڭىز، ھالىمغا بىر باقسىڭىز، — دەپ تارام - تارام ياش تۆكۈپ يالۋۇرۇپتۇ نەۋجاھان.

شاھزادە نەۋجاھاننىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرى-غان پەرى:

— بوپتۇ، مەن سىزنى ئېپقالاي، بىراق مۇنداق بىر شەرتنى سەمىڭىزگە سالاي، شەرت شۇكى، ئەگەر بىر ئاي ئى-چىدە تاغامنىڭ ئوغلى پەيدا بولسا، بىزگە خىزمەتكار بولۇڭ، بىر ئاي ئىچىدە پەيدا بولمىسا، ئىككىمىز ئەر - خوتۇن بولايلى، — دەپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان بۇ شەرتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئۇلار شۇنداق ۋەدىلەر بىلەن چۆل - باياۋانلارنى كې-

ـزىپتۇ، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ يول يۈرۈپ، يول يۈر-
گەندىمۇ ئىنتايىن مول يۈرۈپ، ساق بىر ئاي ئۆتكەندە بىر
شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ ـ دە، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر تۈپ
چىنارغا ئاتلىرىنى باغلاپتۇ.

— ئەي نەۋجاھان، — دەپتۇ پەرى، — بىز يول يۈرگىلى
ساق بىر ئاي بولدى، تاغامنىڭ ئوغلى پەيدا بولمىدى، ئەمدى
لەۋزىمگە ئەمەل قىلىپ سىزگە خوتۇن بولۇشۇم كېرەك. سىز
شەھەرگە كىرىپ ئاز ـ تولا يېمەكلىك سېتىۋېلىپ، بىر
موللا تەكلىپ قىلغاچ چىقىڭ، نىكاھىمىزنى ئوقۇتايلى.

شاھزادە نەۋجاھان ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى دەرھال ئورۇنداپ-
تۇ. موللا نىكاھنى ئوقۇپ، يېڭى ئەر ـ خوتۇنلارنى مۇبارەك-
لەپ بولۇپ قايتماقچى بولغاندا، پەرى:

— ئى موللام، ئۆزلىرىگە يەنە بىر ھاجىتىمىز بار. بىز
بۇ شەھەرگە مۇساپىر، ئولتۇرغۇدەك ئۆيىمىزمۇ يوق. مالال
كۆرمەي ئوبدانراق بىر يۈرۈش ئۆي تېپىپ بەرگەن بولسىلا،
ئۆزلىرىنى ئوبدان رازى قىلاتتۇق، — دەپتۇ.

موللىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلار شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى
كاتتا ياسالغان بىر ئىمارەتنى سېتىۋېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەلۇم
كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، شاھزادە نەۋجاھانىنىڭ خوتۇنى:

— ئى نەۋجاھان، بىز بۇ شەھەردە ماكانلىشىپ قالدۇق.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ: «سىلەر نېمە ئادەم؟» دەپ سۈرۈش-
تۈرۈپ قالسا، بىرنەرسە دېيەلمەي قالىمىز، شۇڭا سىز ئوردى-
غا بېرىپ بۇ شەھەرنىڭ يۇقىرالىقىغا تىزىملىتىپ قويۇڭ، —
دەپ ئېرىگە ئىككى گۆھەر بېرىپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان دەرھال ئوردىغا بېرىپ، ئەدەپ ـ قا-
ئىدىلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قوينىدىكى ئىك-
كى دانە گۆھەرنى چىقىرىپ پادىشاھقا سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ كې-

لىش مەقسىتىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھ رىۋايەتلەردىن ئاڭ-لىغان، ئەمما كۆرۈپ باقمىغان گۆھەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ ۋە شاھزادە نەۋجاھاننى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. نەۋجاھان: «دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرالمايمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ:

— سىز ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئوردىغا كېلىپ مەن بىلەن بىر پىيالە چاي ئىچىپ تۇرسىڭىزلا بولدى، باشقا ۋەزىپە تاپ-شۇرمايمەن، — دەپ ئۆز ئەمرىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە نەۋجاھان ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر ئەتىگىنى پادىشاھ بىلەن بىر پىيالە چاي ئىچىپ، قالغان ۋاقتىنى خوتۇنى بىلەن خۇشال ئۆتكۈزۈپتۇ. نەۋجاھانىنىڭ خو-تۇنىمۇ تاغىسىنىڭ ئوغلىنى ئۇنتۇپ، نەۋجاھاننى بەكمۇ ياخ-شى كۆرۈپ قاپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى نەۋجاھاننى بازارغا ئەۋە-تىپ بىر پارچە يىپەك رەخت ۋە ھەر خىل مەشۇتلارنى ئەكەل-دۈرۈپتۇ. بىر كېچە ئۇخلىماي بىر چاسا تىكىپتۇ. نەۋجاھان ئەتىگىنى ئويغانسا، ئۆيدە ئاجايىپ چىرايلىق كەشتىلەنگەن بىر چاسا تۇرغۇدەك. بۇنداق چىرايلىق چاسىنى نەۋجاھان ئە-زەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەن. خوتۇنى چاسىنى ئۇنىڭ بېلىگە باغلاپ قويۇپتۇ. نەۋجاھان شۇ ئەتىگىنى ئوردىغا چايغا بار-غاندا، پادىشاھ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ نەۋجاھانىنىڭ بېلىدىكى چاسىنى كۆرۈپتۇ ۋە:

— ئى ۋەزىر، بۇ چاسىنى كىم تىكتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھقا مەلۇم بولغايكى، بۇ چاسىنى خوتۇنۇم تىك-تى، — دەپتۇ نەۋجاھان.

— بۇ چاسا ئەجەب چىرايلىق ئىكەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ چاسىغا كۆزى چۈشكەنلىكىنى بىلگەن نەۋ-جاھان دەرھال بېلىدىن يېشىپ شاھقا تەقدىم قىپتۇ، پادى-

شاھمۇ شۇ ھامان بىلىگە باغلاپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.
شاھزادە نەۋجاھان چاينى ئىچىپ بولۇپ، پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە ماڭغاندىن كېيىن، پادىشاھ تۆت يۈز خوتۇنى ۋە تۆت يۈز كېنىزەكنى ھەرەمگە يىغىپ چاينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— قايسىڭلار مۇشۇنداق چاسا تىكەلەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.
پادىشاھنىڭ تۆت يۈز خوتۇنى بىلەن تۆت يۈز كېنىزىكى جىمجىت تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ سوئالنى ئىككىنچى قېتىم يەنە تەكرارلىغاندا، تۆت يۈز خوتۇنى ئىچىدىن بىرى:
— ئەي شاھىنشاھ، بۇنداق چاسىنى ئادەمزات تىكەلمەيدۇ، بۇ ئىش پەقەت پەرىزاتلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، — دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ قولىدىكى چاسىغا سىنچىلاپ قاراپ، تىككەن چاسىسى بۇنداق چىرايلىق، ئۆزى قانچە چىرايلىقتۇ؟ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىغا غايىبانە ئاشىقى بىقارار بوپتۇ، پېشانىسىدىن كىرگەن ئوت تاپىنىدىن چىقىپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىغا ئاشىقى بىقارار بولغانلىقىنى پەملىگەن بىر ۋەزىر:
— ئەي شاھى جاھان، بۇ ئىش ئاسان، نەۋجاھان قوللىرىدىكى بىر ۋەزىر. سىلى ئۇنىڭغا يەنە ئىككى دانە گۆھەر سوۋغات قىلىشنى ئەمر قىلسىلا، ناۋادا ئۇ ئىككى دانە گۆھەر ئېلىپ كەلسە: «خەزىنىدە تۆت دانە گۆھەر بار ئىدى، سەن ئۇنى ئوغرىلاپ شاھقا سوۋغات قىپسەن» دەپ زىندانغا تاشلايمىز، خوتۇنى سىلىگە قالىدۇ. ئەگەر ئېلىپ كېلەلمىسە: «شاھنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرمىدىڭ» دەپ گۇناھ قويۇپ زىندانغا تاشلايمىز، خوتۇنى يەنە ئوخشاشلا ئۆزلىرىگە قالىدۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بۇ تەكلىپىنى خوپ كۆرگەن پادىشاھ ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا، نەۋجاھاننىڭ يەنە ئىككى دانە گۆھەر تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. شاھنىڭ ئەمرىگە نائىلاج ماقۇل بولغان نەۋجاھان، ئۆيدە يەنە ئىككى دانە گۆھەر بولسىغۇ ئە-كېلىپ بېرەرمەن، بولمىسا قانداق قىلارمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆيگە غەمكىن يېنىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ شۇنچە غەمكىن، پەرىشان ھالىتىنى كۆرگەن خوتۇنى:

— ئەي نەۋجاھان، بۈگۈن نېمانچە غەمكىن بولۇپ قال-دىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. نەۋجاھان پادىشاھنىڭ تەلىپىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەي ئامرىقىم، گۆھەردىن غەم قىلماڭ، بۇنىڭ چارى-سىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دەپتۇ خوتۇنى ۋە دەرھال دۈۋەت - قەلەم ئېلىپ چىقىپ بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ نەۋجاھانغا تۇتقۇزۇپتۇ - دە:

— ئەي نەۋجاھان، سىز بۈگۈنلا يولغا چىقىپ، بىز كەل-گەن دەريانى بويلاپ ماڭسىڭىز دېڭىز بويىغا بارىسىز، ئۇ يەر-گە بارغاندىن كېيىن كۈنپېتىش تەرەپكە ئازراق ماڭسىڭىز، سۇنىڭ ئىچىدىن چوڭلۇقى تۆگىدەك كېلىدىغان بىر ئاق تاش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئېتىڭىزنى شۇ يەردە قويۇپ، ئاق تاشقا دەسسەپ تاشنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاتلىسىڭىز، پۇتىڭىزغا ئۇستى-نى سۇ بېسىپ كەتكەن بىر كۆۋرۈك ئۇرۇنىدۇ. شۇ كۆۋرۈك-نى پۇتىڭىز ئارقىلىق سىيپاپ مېڭىۋەرسىڭىز، بىر قاپقاقىقا بارىسىز، قاپقاقنى كۆتۈرسىڭىز يول كۆرۈنىدۇ، شۇ يول ئار-قىلىق بىر يەرگە كىرىپ كېتىسىز - دە، ئاخىر نامازشام غېرىبانىسىدەك بىر يولغا چىقىسىز. شۇ يول بىلەن مېڭىپ بەش ئاۋاز يېتىم يەرگە بارسىڭىز بىر گۈمبەز ئۇچرايدۇ، گۈمبەز ئىچىدە بىر ساراي بار، سارايغا كىرسىڭىز بىر ئال-



تۇن تەخت بار، تەخت ئۇس-
تىدە بىر مەلىكە ياتىدۇ، مە-
لىكىنىڭ باش تەرىپىدە بىر
شىشە دورا بار، دورىنى ئې-
لىپ يۈزىگە تېمىتسىڭىز،
مەلىكە هوشىغا كېلىدۇ. ئۇ-
نىڭغا بۇ مەكتۇپنى بەرسى-
ڭىز، سىزگە قانچىلىك گۆ-
هەر لازىم بولسا شۇنچىلىك
بېرىدۇ، — دەپتۇ.

نەۋجاهان خوتۇنىنىڭ
دېگەنلىرىنى ئېسىدە چىڭ
تۇتۇپ، خەتنى قوينىغا سې-
لىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەمدى شاهزادە نەۋجاهان
يولىغا كېتىۋەرسۇن، گەپنى
پادىشاھتىن ئىشىتىمىز:

پادىشاھ نەۋجاھاندىن
گۆھەر تەلەپ قىلىپ ئۇچ
كۈن ئۆتۈپتۇ، نەۋجاھانىنىڭ
قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. پادى-
شاھ نەۋجاھانىنىڭ بار - يوق-
لۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن
ئىككى چاپارمەننى نەۋجاھا-
نىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. چا-
پارمەنلەر نەۋجاھانىنىڭ ئۆيىگە
يېتىپ كېلىپ دەرۋازىنى

قاقسا، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى ئۆيدە تۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى، نىمە گىپى بارلىقىنى سوراپتۇ. چاپارمەنلەر:

— بىز پادىشاھنىڭ چاپارمەنلىرى، ۋەزىر نەۋجاھان ئۈچ كۈن بولدى ئوردىغا بارمىدى، شۇڭا ئۇنى چاقىرغىلى كەلگەندۇق، — دىيىشىپتۇ.

— پادىشاھ نەۋجاھاننى بىر خىزمەتكە بۇيرۇغان، كەلگەندە بارىدۇ، — دەپتۇ نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى.

چاپارمەنلەر قايتىپ كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھ دەرھال قىرىق نەپەر كېنىزەكنى جابدۇتۇپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇننى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. كېنىزەكلەر نەۋجاھاننىڭ ئۆيگە بېرىپ دەرۋازىنى قېقىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ نىمە ئادەم ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىپتۇ. ئۇلار بۇ خوتۇننىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ، تەييارلىغان غىزالىرىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس بوپتۇ. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن كېنىزەكلەر كېلىش مەقسىتىنى ئىزھار قىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى:

— ئەي كېنىزەكلەر، قايتىپ بېرىپ ئۇلۇغ شاھىمىزغا ئېيتىپ قويۇڭلار، نەۋجاھانىم ئۆيدە يوق، ئوردىغا مېھماندارچىلىققا بېرىشقا بىئىلاجمەن، — دەپتۇ - دە، كېنىزەكلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ دەرۋازىنى چىڭ تاقاپتۇ.

كېنىزەكلەر ئوردىغا بېرىپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىنىڭ ھۆسن - جامالىنى، غىزا - تائاملىرىنى ۋە بولغان گەپ - سۆزلەرنى بىرىنى ئون قىلىپ شاھقا مەلۇم قىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇننىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان شاھ قىرىق جاللاتنى ھازىر قىلىپ، نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بۇ قىرىق نەپەر جاللات قىلىچ-

لىرنى يالىڭاچلاپ، نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە دەرۋازىنى قېقىپ:

— ھەي نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى، ئاڭلىمىدىم - ئىشىتمىدىم دېمە، كېيىن پۇشايمان يېمە، ئۇلۇغ شاھىمىزدىن پەرمان شۇكى، سەن دەرھال ئالدىمىزغا چۇشۇپ ئوردىغا بارىسەن، شاھ ئالىيلىرىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتۈپ يانىسەن، — دېيىشىپتۇ. دەرۋازا ئىچىلمىغاندىن كېيىن، جاللاتلار، — ئەي خوتۇن، دەرھال ئۆيدىن چىق ! چىقساڭ چىقتىڭ، چىقمىساڭ دەرۋازاڭنى چېقىپ، كاللاڭنى كېسىپ، قېنىڭنى قۇتىغا سېلىپ، بېشىڭنى نەيزىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ ئوردىغا يانىمىز ! — دەپ سۈرەن سېلىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىشىپتۇ. نەۋجاھاننىڭ خوتۇنى ھويلىغا چىقىپ:

— ئەي جاللاتلار، ئارقاڭلارغا يېنىڭلار، بېرىپ پادىشاھىڭلارغا ئېيتىڭلار، مەن سىلەرنى ھەم پادىشاھىڭلارنى كەچۈردۇم. بىرىنچىدىن، مەن شەھىرىڭلارغا پۇقرا بولۇپ تۇزۇڭلارنى يېدىم؛ ئىككىنچىدىن، ئېرىم شاھ خىزمىتى ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كەتكەن، قايتىپ كېلىپ ئېزىپ قالمىسۇن، دېدىم. بولمىسا ئورداڭلارنى خارابىستانغا، شەھىرىڭلارنى مازارىستانغا ئايلاندۇرۇۋېتەر ئىدىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جاللاتلار:

— ئەي ساراڭ خوتۇن، پەلىپەتىش گەپلىرىڭنى قوي، يوغانچىلىق قىلغانىغا توي ! — دېيىشىپ، دەرۋازىنى چاققىلى تۇرۇپتۇ. ئەمما، جاللاتلارنىڭ قوللىرى قۇرۇپ، قىلىچلىرى يەرگە چۇشۇپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن جاللاتلار ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ، بىردەمدىلا ئوردىغا يېتىپتۇ.

پادىشاھ جاللاتلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ سىر - ئەسرارلارنىڭ تېگىگە يەتمەك بولۇپ، قورئەنداز ئا-

لىملارنى يىغىپ قۇرئە ئاچقۇزۇپتۇ. ئالىملار ئېيتىپتۇكى:

— ئەي شاھى جاھان، دۆلەتلىرى بولسۇن دائىم ئامان. جانابىي ئالىيلىرى كۆھقاپ پەرىزاتلىرى بىلەن تۇتىشىپ قاپلا، ئۇلارغا يامان كۆزلىرىنى ساپلا. ئەگەر ئۇلارنى ئارامخۇدا قويمىسىلا، شەھىرىمىزگە ئاپەت يېغىپ پۈتۈنلەي خاراب بولىدىكەن.

ئالىملارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ:

— ھېچكىم نەۋجاھاننىڭ ئۆيىگە چىقىلمىسۇن! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئەمدى ئۇلار ئۆز جايىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، شاھزادە نەۋجاھاننى ئىزدەپ تاپايلى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدىن گەپ ئاچايلى:

شاھزادە نەۋجاھان خوتۇنى دېگەن يول بىلەن مېڭىپ گۈمبەزنى تېپىپتۇ. گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ ئاجايىپ كاتتا بىر سارايىنى، سارايىنىڭ تۆرىدە تۇرغان نەقىشدار ئالتۇن تەختنى ۋە تەخت ئۈستىدە بىھوش ياتقان كۈن مەسەللىك، ئايتاپ تەبىئەتلىك ساھىبجامال مەلىكىنى كۆرۈپتۇ. نەۋجاھان، ھېلىقى بوۋاي چۈشىدە كۆرگەن كۈن شۇمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قاپتۇ ۋە شىشىدىكى دورىدىن بىر تېمىم تېمىتىپتۇ. بىھوش ياتقان مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ، يېنىدا تۇرغان نەۋجاھاننى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، سىز كىم؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

نەۋجاھان خوتۇنى يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنى مەلىكىگە ئۇزىتىپتۇ. مەلىكە مەكتۇپنى كۆرۈپ، يىگىتنىڭ كېلىش مەقسىتىنى چۈشىنىپتۇ ـ دە:

— ئەي يىگىت، ئاۋۇ ئۆيدە لىققىدە گۆھەر بار، ئۆزىڭىز خالىغانچە ئېلىڭ، — دەپ بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپتۇ. نەۋ-

جاھان بىر خۇرجۇن گۆھەر ئېلىپ، مەلىكىگە رەھمەت ـ تە-شەككۇر ئېيتىپ كەينىگە يېنىپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان سارايـ-نىڭ ئىشىكىگە يەتكەندە، مەلىكە:

— ئەي يىگىت، مەندىن نېمىشقا گەپ سورىمايسىز؟ — دەپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، مەلىكەم، — دەپتۇ نەۋجاھان كەينىگە يې-نىپ، — بىرىنچىدىن، مەن پادىشاھىمنى تەقەززا قىلىشنى خالىمىدىم؛ ئىككىنچىدىن، كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سوراپ يارد-ىڭىزغا تۇز سېپىشنى خالىمىدىم. ئەگەر سىز سۆزلەپ بېرىش-نى خالىسىڭىز، جېنىم بىلەن ئاڭلايمەن.

شاھزادە نەۋجاھان خۇرجۇننى قويۇپ مەلىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ مەلىكە سۆزىنى باشلاپ، — كۆھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدىم. بىر كۈنى جىمار ئىسىملىك بىر جادۇگەر ئەپقېچىپ مۇشۇ سۇنىڭ تېگىگە سېھرىي بەند قىلـ-دى. شاھ ئاتام نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كېلىپ جەڭ قىلىپ يېڭىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مەن بۇ كۆلپەتكە مۇپتىلا بولـ-دۇم. ئون يىلدىن بۇيان جادۇگەر مېنى قولىغا ئېلىپ خۇددى ئالتۇن ـ تىللانى ئوينىغاندەك ئوينايدۇ، ئالما پۇرىغاندەك پۇرايدۇ، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا بىھوش قىلىپ قويىدۇ، ئۆزى كەلگەندىن كېيىن ھوشۇمغا كەلتۈرىدۇ، ئاتا ـ ئانامنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، دەيمەن، بىراق بۇ ئارزۇيۇمغا يې-تەلەمدىمەن ـ يېتەلمەمدىمەن بىلمەيمەن.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مەلىكە خۇددى دەمدەر ئۇنىلـ-گەندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ كەچۈرمىشلە-رىنى ئاڭلاپ ئىچى ئاغرىپ، يۈرەك ـ باغرى پارە ـ پارە بولـ-غان نەۋجاھان:

— ئەي مەلىكەم، يىغلىماڭ، مەن سىزنى قۇتۇلدۇرىمەن، — دەپ دەس ئورنىدىن قوپۇپتۇ.

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، — دەپتۇ مەلىكە، — بىراق سىزنىڭ جادۇگەرگە كۈچىڭىز يەتمەيدۇ، ياش جېنىڭىزغا زامىن بولۇشنى خالىمايمەن، ئەمدى قايتىپ كېتىڭ، دوس-تۇمغا سالام دەڭ.

— ئەي كۆن مەسەللىك، ئاپتاپ تەبىئەتلىك مەلىكەم، — دەپتۇ نەۋجاھان، — كەچۈرمىشلىرىڭىزنى ئاڭلىمىغان بولسام مەيلى ئىدى، ئەمما ئاڭلىدىم، سىزنى بۇ ھالدا تاشلاپ قويۇپ كېتىش ئەرلىك غۇرۇرۇمغا نۇقساندۇر، سىزنى قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ بۇ جايدىن كەتمەيمەن.

نەۋجاھان گۆھەر قاچىلانغان خۇرجۇننى ھېلىقى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ.

— ئەي يىگىت، ماقۇل، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ، — دەپتۇ مەلىكە، — ئەمما جادۇگەرنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە بولمايدۇ، بۇ سىرنى بىلمەي قول سالالمايسىز، ھازىرچە بىر دالدىدا يوشۇ-رۇنۇپ تۇرۇڭ، ئاۋۋال مەن سىر ئالاي.

شۇ ئەسنادا بىر ئاسماندا، بىر يەردە «پال — پۇل» ئوتلار چاقنىتىپ، بەتبەشىرە جادۇگەر يېتىپ كەپتۇ ۋە بىھوش بو-لۇپ يېتىۋالغان مەلىكىنى دورا تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ئالىقىنىغا ئېلىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. مەلىكە:

— ئەي جىمار، مەن سېنىڭ قولۇڭغا چۈشكىلى ئون يىل بولدى. بۈگۈن كۆڭلۈم بۆلەكچە خۇشال تۇرىدۇ، ئەگەر شاراب بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، — دەپتۇ.

ئون يىلدىن بېرى مەلىكىنىڭ ئاران بىر قېتىم چىش يېرىپ گەپ قىلغىنىغا خۇشال بولغان جىمار: «بۇ ئاسان گەپ» دەپ قولىنى بىر شىلتىغانىكەن، دەرھال ئون ئىدىش

شاراب ھازىر بوپتۇ. مەلىكە خۇشال بولۇپ، يوغان بىر جامنى ئېلىپ جىمارغا شاراب قۇيۇشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن مەمنۇن بولغان جادۇگەر ھەش ـ پەش دېگۈچە ئون ئىدىش شارابنى ئىچىپ بولۇپ دەلدەڭلەپ قاپتۇ. مەلىكە ئەڭ ئاخىرقى بىر جام شارابنى ناز ـ كەرەشمە بىلەن جىمارغا تۇتۇپ:

— ئەي ئامرىقىم، سەن بىلەن بىللە تۇرغىلى ئون يىل بولدى، ئەمما مېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن يۈرەك ـ باغرىم قانغا تولدى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جىمار دەرھال:

— ئەي مەلىكەم، مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن، پەقەت سېنىڭ ئوتۇڭدىلا كۆيىمەن، — دەپتۇ.

— بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— قەسەم قىلىپ بېرەي، — دەپتۇ جادۇگەر.

— قەسىمىڭگىمۇ ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ جادۇگەر دەلدەڭلەپ تۇرۇپ، — قانداق قىلسام ئىشىنىسەن، ئەي مەلىكەم؟ مېنىڭ ساڭا ئاشىقلىقىمغا ئىشەنمەسلىكىڭگە نېمە ئاساسىڭ بار؟

— ئاساسىم شۇكى، — دەپتۇ مەلىكە، — ئاشىق ھەرقانداق چاغدا مەشۇقىدىن سىر يوشۇرمايدۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ جادۇگەر، — گېپىڭ شۇ بولسا، سىر يوشۇرماسلىققا قەسەم قىلاي، ھەرقانداق سىرىم بولسا ئېيتىپ بېرەي، سورىغىن.

— ئۇنداق بولسا، جېنىڭ قەيەردە، ئەي جىمار؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جادۇگەر بېشىنى بىر سىلكىۋېتىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ:

— مېنىڭ جېنىم بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر جايغا سېھرىي بەند قىلىنغان. ئۇ يەردە بىر چىنار بار،

چىنارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر قۇرۇق شاخ بار، قۇرۇق شاخقا بىر قارا كەپتەر كۈندە ئۈچ قېتىم قونىدۇ، قالغان چاغدا ئۆزىنى ئاشكارا قىلمايدۇ، شۇ كەپتەرنى ئاتسا، ئەگەر كەپتەر ئۆلسە ۋە يەرگە چۈشسە، كەپتەر چۈشكەن جاينى كولىسا بىر ساندۇق چىقىدۇ، ساندۇقنى ئاچسا قىرىق ۋاخىنلىق بىر شوتا چىقىدۇ، شۇ شوتىدىن چۈشسە نامازشام غېرىبانىسىدەك بىر يولغا چىقىدۇ، شۇ يول بىلەن مېڭىپ بىر يەرگە بارغاندا بىر دەرەخ بار، دەرەخنىڭ ياپراقلىرى بەكمۇ كەڭ، شۇ ياپراقلارنىڭ ئىچىدە بىر تۆمۈر قەپەس بار، قەپەس ئىچىدە قەزۋى دەيدىغان بىر جانىۋار بار، شۇ جانىۋارنىڭ يۈرىكى مېنىڭ جېنىمدۇر. ئەگەر جانىۋارنى قەپەستىن ئالماي، قولنى تىقىپ تۇتۇپ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىيالىسا مەن تۈگىشىمەن، ئەگەر قەزۋى ئۈچۈپ چىقىپ كەتسە پۈتۈن جاھان سۇغا غەرق بولىدۇ.

جادۇگەر جىمارنىڭ پۈتۈن سىرىنى بىلىۋالغان مەلىكە:

— ئەي ئاشىق جىمار، مانا ئەمدى ئوبدان بولدى، بىز ھەقىقەتەن ئاشىق - مەشۇقلارغا ئوخشىدۇق، — دەپ ناز قىلىپ، يەنە مۇنداق دەپتۇ، — ئەي پالۋىنىم، سەن دۇنيادا تەڭداشسىز پالۋان ئىكەنسەن، شۇنداق تۇرۇپ يەنە بىر يەرگە كەتسەڭ، مېنى بىھوش قىلىپ قويىسەن، سەن يوق چاغدا سېنى پۇراپ ياتالمايدىكەنمەن. مەن سېنى پۇراپ ياتسام دەيمەن. شۇڭا، بۇ يەردىن ئالتە ئايلىق يىراق يولدا رەيھانگۈل دەيدىغان بىر خۇش پۇراق گىياھ بارمىش، شۇ گۈلنى ئەكېلىپ، ئۆزۈڭ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا كۆكسۈمدە قويۇپ قويساڭ، مەن شۇ گۈلنى خۇددى سېنى پۇرىغاندەك پۇراپ ياتسام.

مەلىكىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن جادۇگەر

مەلىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ خۇددى ئالمىنى ئويىنىغاندەك
بىرپەس ئويناپ، ئاندىن بىھوش قىلىۋېتىپ، رەيھانگۈلنى ئە-
كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. جادۇگەر چىقىپ كەتكەندىن
كېيىن شاھزادە نەۋجاھان مەلىكىنى دەرھال ھوشىغا كەلتۈ-
رۈپ، جادۇگەرنىڭ سىرىنى سوراپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ مەلىكە كۆزىگە ياش ئېلىپ، —
بۇ ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش ئىكەن، مەن سىزنىڭ ۋە دوس-
تۇمنىڭ بەختىگە زامىن بولۇشنى خالىمايمەن. سىز دەرھال
قايتىپ كېتىپ رەيىقىڭىزنى تېپىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە نەۋجاھان: «كەتسەم كېتەي،
لېكىن جادۇگەرنىڭ سىرىنى بىلىپ كېتەي» دەپ چىڭ تۇ-
رۇۋاپتۇ. مەلىكە ئاخىر جادۇگەردىن ئاڭلىغانلىرىنى قويماي
دەپ بېرىپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە
يېنىپ، سۇنىڭ ئېچىدىكى ئاق تاشتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئېتىد-
غا مىنىپتۇ. ئات بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندە باسىدىغان ئات
ئىكەن، نەۋجاھان ئاتقا مىنىپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ئۈچ
ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ، ئاتنى چى-
نارغا باغلاپ، ئوقيانى بەتلەپ، قۇرۇق شاخنى نىشانغا ئېلىپ،
ئۆزى بىر جايغا يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. بۇ چاغدا قاپقارا بىر
كەپتەر كېلىپ قۇرۇق شاخقا قونۇپ قانات قېقىپ: «ئەي يامان
جادۇگەر» دەپ تووۋلاپتۇ. ئەسلىدە بۇ كەپتەر ئۈچ قېتىم تووۋ-
لىسا، جادۇگەر چىنارنىڭ يېنىغا ھازىر بولىدىكەن. كەپتەر
نەۋجاھاننىڭ جادۇگەرنىڭ جېنىنى قەستلەپ تۇرغانلىقىنى
سېزىپ قالغانىكەن. كەپتەر يەنە پەي قېقىپ ئىككىنچى قې-
تىم تووۋلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا نەۋجاھاننىڭ ئوقى كېلىپ كەپ-
تەرنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىپتۇ. جان تالىشىقمۇ ئۆلگۈ-

رەلمەي ئۆلگەن كەپتەر پوككىدە يەرگە چۈشۈپتۇ. نەۋجاھان دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، كەپتەر چۈشكەن يەرنى كولىغانكەن، يەردىن بىر ساندۇق چىقىپتۇ، ساندۇقنى ئاچسا ئىچىدىن قىرىق ۋاخنىلىق بىر شوتا چىقىپتۇ، نەۋجاھان شوتا بىلەن پەسكە چۈشۈپ نامازشام غىرىبانىسىدەك بىر يولغا چىقىپتۇ ۋە بۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ، بىر توپ كەڭ ياپراقلىق دەرەخنى تېپىپتۇ. نەۋجاھان كۆرۈپتۇكى، ياپراقلار ئارىسىدا بىر تۆمۈر قەپەس، قەپەس ئىچىدە قەزۋى دېگەن جانىۋار پەستىن قونداققا، قونداقتىن پەسكە توختىماي سەكرەپ تۇرغۇدەك. نەۋجاھان قەپەسكە قولىنى تىقىپ چەبدەسلىك بىلەن قەزۋىنى تۇتۇپلا بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. قەزۋىنىڭ بېشى ئۈزۈلۈشى بىلەن جاھاننى قاپقارا سىياھتەك قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ ۋە بىرپەستىن كېيىن دەھشەتلىك بوران چىقىپ، جاھاننى چاڭ - توزان ئىچىدە قالدۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بوران توختاپ، پاللىدە كۈن چىقىپتۇ. نەۋجاھان شۇنداق كۆزىنى ئاچسا، ئۆزىنى بىر يارنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپتۇ. مەن كۈنچىقىش تەرەپتىن كەلگەنىدىم، يەنە شۇياققا ماڭاي، دەپ ئۇزۇن يول مېڭىپتۇ، ئەمما دېڭىزنى زادىلا تاپالماي، بىر قۇمۇشلۇققا كىرىپ قاپتۇ. ھېلىقى گۈمبەزدىن ئەسەرمۇ يوق. نەۋجاھان قۇمۇشلۇق ئىچىدە يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا بىر خانىقانى كۆرۈپ، ھەرنېمە بولسا بىر ئادەمزات بار يەرگە كېلىپ قاپتىمەن، دەپ خانىقاغا كىرىپتۇ. خانىقانىڭ ئىچىدىن: «مەرھابا، باتۇر يىگىت» دېگىنىچە كۆھقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى چىقىپتۇ ۋە:

— ئەي باتۇر، سىزنىڭ ھىممىتىڭىز بىلەن جادۇگەرنىڭ تىلسىماتى غەرق بولدى، مەنمۇ سېھرىي بەندتىن ئازاد بولدۇم. سىزگە كۆپ رەھمەت. قېنى، ئىچكىرى كىرىپ بىردەم ئول-

تۇرۇڭ، مەن ئاتا - ئانامنى چاقىراي، — دەپ، بىر تال چې-
چىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئوچاقتىكى ئوتقا ساپتۇ، هايال ئۆتمەي
بىر شامال بىلەن تەڭ نۇرغۇن كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ
خانىقا ئالدىغا چۈشۈپ دەرھال پەرىزاتلارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ
ئىچىدە شاھزادە نەۋجاھاننىڭ خوتۇنىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ
كەينىدىن تۆتتىن سەككىز پەرىزات كۆتۈرگەن ئىككى ئالتۇن
تەخت، تەخت ئۈستىدە مەلىكىنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى يېتىپ
كەپتۇ. مەلىكە ئاتا - ئانىسى ۋە پەرىزاتلار بىلەن قۇچاقلى-
شىپ، يىغلاپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ:

— ئەي شاھ ئاتا، بۇ يىگىت مېنى ئازاد قىلغان شەپقەت-
چىم بولىدۇ، سالام بېرىڭلار، — دەپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنىڭ
ھەممىسىنى بايان قىپتۇ.

مەلىكىنىڭ ئاتا - ئانىسى شاھزادە نەۋجاھانغا سالام بې-
رىپ، ئەدەپ - قائىدىلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي ئادەمزات بالىسى، قىزىمىزنى ئازاد قىلىپ يورۇق
جاھانغا ئېلىپ چىقىپسىز، بۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن قىزى-
مىزنى سىزگە تۇتتۇق، نىكاھىڭىزغا ئېلىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي كۇھىقاپ پادىشاھى، ئالىيجاناب كۆڭلىڭىزگە
رەھمەت، مېنىڭ رەپىقەم بار، مەلىكىنى ئەمرىمگە ئالالماي-
مەن، — دەپتۇ شاھزادە نەۋجاھان.

شۇ چاغقىچە پەرىزاتلار توپىدا شاھزادىگە سالام بېرەلمەي
تۇرغان خوتۇنى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي ۋاپادار جۇپتىكارىم، مەن مەلىكەم بىلەن بىر دە-
قىقىدە تۇغۇلغان، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. كىچىكىمىزدە:
«ئەگەر ئەرگە تەگسەك، ئىككىمىز بىر ئەرگە تېگىمىز» دەپ
ئەھدىلەشكەنىدۇق. بىراق، مەلىكەمنى جادۇگەر جىمار ئەپقې-
چىپ سېھرىي بەند قىلىپ قويىدى. سىزنىڭ پادىشاھىڭىزغا

گۆھەر لازىم بولغاندا ئۆيدىمۇ بار ئىدى، ئەمما مەن سىزنى ئەتەي مەلىكەم سېھرىي بەند قىلىنغان تىلسىماتقا ئەۋەتتىم، مەقسىتىم، سىز ئارقىلىق مەلىكىنى ئازاد قىلىپ، كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ئەھدىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. مانا بۈگۈن مەقسىتىمىزگە يېتىدىغان پەيت كەلدى. مەن مىڭلارچە رازى- كى، مەلىكىنى ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، — دەپ مەلىكە بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شاھزادە نەۋجاھان مەلىكىنى ئەمە- رىگە ئاپتۇ، ھەممەيلەن ئۇلارنى مۇبارەكلىشىپتۇ. ئاتا - با- لىلار قانغۇدەك ھال - مۇڭ بولۇشقاندىن كېيىن، كۇھىقاپ پادىشاھى شاھزادە نەۋجاھاننى كۇھىقاپ شەھىرىگە بېرىپ ما- كانلىشىشقا تەكلىپ قىپتۇ. بۇ تەكلىپكە نەۋجاھان:

— ئى شاھ ئاتا، خان ئانا، مەن بىر پادىشاھنىڭ تىكەن- دەك يالغۇز ئوغلى ئىدىم. بىر كۈنى شىكارغا چىقتىم، بىر بوۋاي بىلەن ئۇچراشتىم، بوۋايدىن چۈش سېتىۋېلىپ سەپەر قىلدىم، شۇنىڭدىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىم ھەربىرلىرىگە مەلۇم بولدى. مەن ئاۋۋال ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك چېيىنى مەن بىلەن بىللە ئىچكەن شۇ پادىشاھنىڭ بىر پىيالە چېيىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن شۇ شەھەرگە قايتسام، شاھ تەلەپ قىلغان گۆھەرلەرنى ئالدىدا قويۇپ رازى قىلسام، ئاندىن كۆ- رۈشمىگىلى ئىككى يىل بولغان، ئىز - دېرىكىمنى ئالالماي كۆزلىرىنىڭ گۆھىرى ئاققان شاھ ئاتام، خان ئانامنى تاپسام، باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتسام، ئۇلارمۇ رەپىقلىرىمنى كۆرسە، قى- زىم دەپ ماڭلىيىغا سۆيسە دەيمەن، — دەپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھاننىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق، دەپ قارىغان كۇھىقاپ پادىشاھى ئىجازەت بېرىپتۇ ۋە نەۋجاھان بىلەن بىل- لە ئاۋۋال ھېلىقى شەھەرگە بېرىپ پادىشاھنى رازى قىلىپ،

ئاندىن نەۋجاھان بىلەن خوتۇنلىرىنى شۇ شەھەردىن ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى كۇھىقاپ شەھىرىگە ياناماقچى بوپتۇ.
ئۇلار نەۋجاھانلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. نەۋجاھان ئىككى دانە گۆھەرنى شايى ياغلىققا ئوراپ، قوينىنى گۆھەر بىلەن تولدۇرۇپ ئوردىغا مېڭىپتۇ. كۇھىقاپ پادىشاھى ئون نەپەر پەرىزاتنى قوشۇپ:
— ئەي پۇقرالىرىم، سىلەر ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، شاھزادە نەۋجاھاننى قوغداپ ئوردىغا كىرىڭلار. ئەگەر ئۇلار شاھزادىگە چېقىلمىسا، سىلەرمۇ ھېچكىمگە چېقىلماڭلار، ئەگەر كىمدەكىم شاھزادىگە چېقىلسا، سىلەرمۇ شۇ كىشىنىڭ ئەدەپ - جازاسىنى بېرىڭلار، — دەپ يولغا سالپتۇ.
شاھزادە نەۋجاھان ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا سالام، ئەدەپ - قائىدىلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ، شايى ياغلىقتىكى ئىككى دانە گۆھەرنى ئالدىغا قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھقا ئەقىل ئۆگەتكەن ھىيلىقى ۋەزىر ئوتتۇرىغا چىقىپ:
— ئى تۇزكور ئوغرى، ئەمدى تۇتۇلدۇڭمۇ؟ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىكى تۆت گۆھەرنى ئوغرىلاپ، يەنە ئۇنى شاھقا تەق-



دىم قىلىشقا بىتىڭ قانداق چىدىدى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بۇ قەدەر تۆھمەتخورلۇقىنى كۆرگەن پەرىزاتلار چىداپ تۇرالماي، كۆڭلىدە، تۆھمەتلىرىڭ ئۈچۈن بىر ئىنئام بېرەيلى، دېيىشىپ، ۋەزىرنى گەپ قىلسا كەكلىكتەك كاكىلدايدىغان قىلىۋېتىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ نەۋجاھان، — ئەگەر يەنە گۆھەر لازىم بولسا مانا گۆھەر.

شاھزادە نەۋجاھان بېلىنى شۇنداق يېشىپتىكەن، بىر قويۇن گۆھەر يەرگە تۆكۈلۈپتۇ.

ۋەزىرنىڭ كەينىگە كىرىپ تۆھمەتكە بېرىلگەن پادىشاھ ئوردا ئەھلىدىن قاتتىق ئۇيىلىپتۇ، ئەمما نومۇسنى قان بىلەن يۇماقچى بولۇپ: «جاللات!» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ هامان تەخت كەينىدىكى دەرپەردە ئارقىسىدىن تۆت جاللات چىقىپ نەۋجاھانغا ئېتىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. پادىشاھ يەنە: «جاللات!» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، يەنە تۆت جاللات چىقىپ نەۋجاھانغا يولۋاستەك ئېتىلىپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ كاللىسى يەرگە چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا، قۇرئەنداز ئالىملارنىڭ ئۆتكەن قېتىم ئېيتقان گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن پادىشاھ دەرھال تەختتىن چۈشۈپ، ئۆزىنى نەۋجاھاننىڭ ئايىغىغا ئېتىپ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ. شاھزادە نەۋجاھان ئاچ كۆز پادىشاھنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ، ۋەزىرلەر ئىچىدىكى ديانەتلىك، تەدبىرلىك بىر ۋەزىرنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

شاھزادە نەۋجاھان بۇ شەھەردىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئۆز شەھىرىگە ياناقچى بوپتۇ. كۆھىقاپ پادىشاھى:

— ئەي باللىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى يادلاپ تۇ-رۇڭلار ۋە پات - پات يوقلاپ تۇرۇڭلار. بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە چېچىڭلارنى كۆيدۈرسەڭلار، بىز شۇ هامان يې-نىڭلارغا هازىر بولىمىز، سىلەرگە هەمدەم بولۇشقا قادىر بو-لىمىز، — دەپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ، ئالتۇن تەختلىرىگە چىقىپ كۆككە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شاهزادە نەۋجاهان خوتۇنلىرىنى ئېلىپ، ئارغىماقلارغا مىنىپ، يولنىڭ تانابىنى تارتىپ، بىر ئايلىق يولنى بىر كۈنگە قىسقارتىپ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئۆز شەھىرىگە يې-تىپ كەپتۇ. ئوغلىنى ۋە ئىككى كېلىنىنى كۆرگەن پادىشاھ بەختىيار بىلەن خانىش ئۇلارنى باغرىغا بېسىپتۇ، ماڭلىيىغا سۆيۈپ، كۆز تەگمىسۇن، دەپ تۇمار پۈتۈپ بويىنىغا ئېسىپتۇ. قىرىق كۈن كاتتا توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ، هەر كۈنى خەزى-نىنى نەچچە قېتىم ئېچىپتۇ، ئۇلارنىڭ بېشىدىن پەتنۇس - پەتنۇس ئالتۇن چاچقۇلارنى چېچىپتۇ. قىرىق كۈنلۈك توي - تاماشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پادىشاھ نەۋجاهاننى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن ئەمدى ياشىنىپ قالدىم هەم ئىش-لەپ تالدىم. ئەمدى بۇ چوڭ سەلتەنەت ساڭا خاس، — دەپ، نەۋجاهاننى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ شاهزادە نەۋجاهان ئوردىدا ئالتۇن تەختتە، ئۆيدە ئاي بىلەن كۈن ئوتتۇرىسىدا بەختتە ياشاۋات-قانمىش، تۆهمەتخور ۋەزىر كەكلىكتەك كاكاكلاپ نەۋجاهاننى قاساۋاتقانمىش، ئاچ كۆز پادىشاھ چۆل كېزىپ پۇشايمان يەۋات-قانمىش، كۆهقاپ پادىشاهى نەۋرەمنىڭ توينى بىر كۆرسەم دەۋاتقانمىش.

# ئارزۇگۈل

بۇرۇنقى زامانلارنىڭ زامانىسىدا كەڭلىكى ئالتۇن تاغدىن كۈمۈش تاغقىچە، ئۇزۇنلۇقى ئۇزۇك كۆلدىن سۇزۇك كۆلگىچە بولغان كەڭ زېمىنغا ئىگە قاراخان، دېگەن قۇدرەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مال چارۋىلىرى تاغلارغا يامراپ، شەھەر - شەھەرلىرى ئادەمگە تولغان بولۇپ، بايلىقى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن.

قاراخان پادىشاھنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولۇپ، ئۈچىلا خوتۇنى دائىم قىز تۇغىدىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ تەخت ۋارىسىدىن ئەنسىرەپ كىيگىنى كېپەن، يېگىنى زەھەر بولۇپ ھەسرەت چېكىدىكەن. پادىشاھنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، ئاللاغا سېغىنىپ: «ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىگەم، ماڭا بىر ئوغۇل ئاتا قىلساڭ نېمە بولار؟ » دەپ، كېچە - كۈندۈز كۆزىدىن ياش تۆكۈپ نالە قىلىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنى ھامىلىدار بولۇپ، ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئايالىغا: «ھەي خوتۇن، ئاي - كۈنۈڭ يېقىنلىشىپ قالدى. مەن قىرىق كۈنلۈك شىكارغا چىقىمەن. ئەگەر سەن يەنىلا قىز تۇغىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئۆلىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ قوي، ماڭا ئوغۇل كېرەك، ئوغۇل ! » دەپتۇ - دە، ۋەزىر -

ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ شىكار قىلىپ تۇرسۇن، گەپنى پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن ئاڭلايلى:

پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ كۆزى يورۇپتۇ، ئۇ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا يەنىلا قىز تۇغۇپتۇدەك. ئۇنىڭ بېشى پىررىدە قېيىپ، كۆز ئالدىدا جاللاتنىڭ قىلىچى كۆرۈنۈپتۇ. ئەمدى قانداق قىلارمەن، دەپ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر تۇغۇت ئانىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئانىجان، ھازىر بۇ ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق، پادىشاھ شىكارغا مېڭىش ئالدىدا: «ئەگەر قىز تۇغساڭ كاللاڭنى ئالىمەن» دېگەنىدى. مېنىڭ تەقدىرىمنى سىز ئوڭشىمىسىڭىز، باشقا ئامالىم يوق. مەن سىزنىڭ قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئورۇندىسام.

تۇغۇت ئانا پادىشاھنىڭ خوتۇنىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ:



— ئۇنداق بولسا مەن ئىلاجىنى قىلاي، مەن كەلگۈچە يېنىدىكىزغا ھېچكىم كىرمىسۇن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

مۇشۇ شەھەردە ئېرنەزەر ئىسىملىك بىر باغۋەن بار ئىدىكەن، ئۇنىڭ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى چوڭ يول ياقىسىدا ناھايىتى گۈزەل بېغى بولۇپ، ئۇ شۇ باغنىڭ گۈل - گىياھلىرىنى، مېۋە - چېۋىلىرىنى سېتىش بىلەن كۈن ئالىدىكەن. ئېرنەزەر باغۋەننىڭ ئايالى ئۇزۇن يىللارغىچە تۇغمىغاچقا، ئەر - ئايال ئىككىسى بالا دىدارىغا زار بولۇپ يىغلايدىكەن. بۇ جەھەتتە قىلمىغان ئامالى، بارمىغان موللىسى قالمىغانىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە باغۋەننىڭ ئايالى ھامىلدار بوپتۇ، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ. باغۋەننىڭ ئايالىنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ كۆزى يورۇپتۇ. باغۋەن بوۋاقنىڭ يىغىسىدىن ئايالىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى بىلىپ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ، تۇغۇت ئانىسىغا نۇرغۇن سوۋغاتلارنى بېرىپتۇ، ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسىتىپتۇ. تۇغۇت ئانىسى باغۋەننىڭ بالىسىنى تۇغدۇرۇپ، ئۆيىگە قايتىپ: «ئۇھ» دېيىشىگە، پادىشاھنىڭ ئايالىنىڭ خەۋىرى كېلىپ شۇ ياققا يول ئالغانىكەن.

ئېرنەزەر باغۋەن ھېلى قويغان نەرسىنى ھېلى تاپالماي، ئۆيگە كىرىپ، تالاغا چىقىپ يۈرگەننىڭ ئۈستىگە تۇغۇت ئانىسى كىرىپ كەپتۇ. تۇغۇت ئانا تۆرگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن گەپ باشلاپتۇ:

— مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىم. پادىشاھئالەمنىڭ ئايالى بۈگۈن بوشاندى، لېكىن قىز تۇغدى. مەن سىزنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويۇپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن خانىش: « شۇ ئوغۇلنى بىر ئىلاج قىلىپ قىزىمغا تېگىشىپ بەرسىڭىز» دەپ مېنى ئالدىڭلارغا

ئەۋەتتى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئېرنەزەر باغۋەن بىلەن ئايالى غەزەپلىنىپتۇ، تېرىكىپتۇ، لېكىن كىمگە ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ بوشىشىپتۇ. تۇغۇت ئانىسىمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ:

— پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ. چىرايلىق بەرسەڭلار چىرايلىق ئېلىشى مۇمكىن، چىرايلىقچە بولمىسا يامانلىقچە ئېلىشى مۇمكىن، — دەپ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننى ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

ئەر - ئايال ئىككىسى بەكمۇ تەڭقىسلىقتا قاپتۇ. تۇغۇت ئانىسى دەررۇ قايتىپ كېتىپ پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان قىزىنى زاكىلاپ ۋە نەچچە لېگەن ئالتۇن - كۈمۈش، كىمخاب تونلارنى ئېلىپ باغۋەننىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئەر - خوتۇننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەھۋالنىڭ شۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئەر - خوتۇن ئىلاجسىز ئۆزلىرىنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئوغلىنى يىغلاپ - قاقشاپ تۇغۇت ئانىسىغا بېرىپتۇ. تۇغۇت ئانىسى: «بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماڭلار، بولمىسا باش كېتىدۇ» دەپ قايتا - قايتا جېكىلەپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھ ھۇزۇرىدىن ئاڭلايلى:

قاراخان پادىشاھ قىرىق كۈنلۈك سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئۆز ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، كىچىك خوتۇنىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. سۆيۈنچىگە تون كىيگۈزۈپ، خۇشاللىقىدا شەھەر خەلقىگە ئۈچ كېچە - كۈندۈز توي بېرىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئون يەتتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. پادىشاھ ھەر نۆۋەتلىك شىكار سەپىرىگە ئوخشىمىغان يوللار بىلەن بېرىشنى ياخشى كۆرەتتىكەن، بۇ نۆۋەت پادىشاھ ئۆز شەھىرىنىڭ كونا يولى

بىلەن مېڭىپتۇ. شەھەردىن ئانچە يىراق بارمايلا، ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان كاتتا بىر باغنىڭ يېنىغا كەپتۇ. باغ ئىچىدىن گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى تارقىلىپ، بۇلبۇللارنىڭ سايرىشى ئادەمگە زوق بېرىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن پادىشاھ باغ ئىچىنى بىر كۆرگۈسى كەپتۇ ـ دە، ئات ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ باغ ئىچىگە نەزەر تاشلاپتۇ. ئەپسۇسكى، پادىشاھ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، باغ ئىچى گۈللەرنىڭ گۈلى بىلەن تولغان، ھەر تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋىلەر ئۆز رېتى بويىچە تىزىلغان، پادىشاھنىڭ چارباغلىرى بۇ باغنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمىگۈدەك. پادىشاھ باغقا تېخىمۇ زوقلىنىپ قاراپتۇ. پادىشاھ كۆزىنى گۈللەر ئارىسىغا سىنچىلاپ تىكىپ قاراپتىكەن، گۈلگە قونغان كېپىنەكلەرنى تۇتۇپ، گۈل ئىچىدىن گۈللەرنى ئۈزۈپ يۈرگەن بىر گۈزەل پەرىزاتنى كۆرۈپتۇ ـ دە، «ئاھ» دەپلا ئاتتىن ئۇچۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. شىكار بىكار قىلىنىپ، ئوردا ئەھلى دەررۇ سارايغا قايتىپتۇ. قاراخان پادىشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزى باغ ئىچىدە كۆرگەن پەرىزاتنىڭ ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئىشقى كۈچىيىپ، دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقۇدەك ماجالى قالماپتۇ. پادىشاھنىڭ رەڭگىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى سەزگەن ئوڭ قول ۋەزىر ئاخىر پادىشاھقا ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، سىزگە نېمە بولدى؟ رەڭگى ـ رۇخسارىڭىز كۈندىن ـ كۈنگە سامانىدەك سارغايماقتا، دۆلەت ئىشلىرىغىمۇ قول سالمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز. بۇنىڭ ۋەجىنى پېقىر قۇللىرىڭىز ئۇقۇپ باقسا دەيمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ ھېلىقى باغدا كۆرگەن پەرىزاتقا ئاشىقى بىقارار بولغانلىقىنى بايان قىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر:

— پادىشاھىئالەم، بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ. مەن سىز-نىڭ دەردىڭىزگە دەرمان بولۇپ، ئۇ گۈلنى ئۆزۈپ قولىڭىزغا تۇتقۇزاي، — دەپ پادىشاھقا ۋەدە بېرىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر شۇنىڭ بىلەن شەھەر سىرتىدىكى ھېلى-قى باغقا بېرىپتۇ. باغ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ۋەزىر ئۆزىنى خۇددى بېھىشتا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ. ئۇ ھەيرانۇ ھەس بولۇپ تۇرغىنىدا، باغۋەن ئالدىغا چىقىپتۇ. باغۋەن مېھماننى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشى ئەمەس، بەلكى كاتتا ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، تېنى شۈركۈنۈپ-تۇ. مېھمانغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ، ئۆيگە باشلاپتۇ. ۋەزىر ئۆيگە كىرىپ ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپ باشلاپ، ئا-خىردا ئۆزىنىڭ باغۋەننىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بايان قىپتۇ. باغۋەن بېشىدىن بىر چېلەك سۇ قۇيغاندەك ئەن-دىكىپ كېتىپتۇ، ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بې-قىش ئۈچۈن ۋەزىردىن مۆھلەت سوراپتۇ. ۋەزىر باغۋەنگە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

قىزىغا پادىشاھتىن ئەلچى كېلىشنى ئويلىمىغان باغۋەن ھوشىنى يوقىتىشقا تاسلا قاپتۇ، ئايالى بىلەن بىللە ھەسرەت - نادامەت چېكىپتۇ. بۇ باغۋەن ئەسلىي پادىشاھنىڭ ئايالى بىلەن بالا تېگىشكەن ئېرنەزەر باغۋەن بولۇپ، پادىشاھنىڭ كۆيۈپ قال-غىنى ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەن.

ئېرنەزەر باغۋەن ئايالى بىلەن ھەسرەت چېكىپ تۇرسۇن، گەپنى باغۋەننىڭ قىزىدىن ئاڭلايلى:

ئېرنەزەر باغۋەن ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغلىنى قاراخان پادىشاھنىڭ قىزىغا تېگىشكەندىن كېيىن بىر مەزگىل كۆڭلى غەش بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىر ئەر - خوتۇن ئىككىسى قىزغا ئېجىل بولۇپ مېھرى چۈشۈپ قالغان ۋە قىزغا «ئار-

زۇگۇل» دەپ ئىسىم قويغانىكەن.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، ئارزۇگۇل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئو-قۇمۇشلۇق، خۇشخۇي، چىرايلىق، بىر كۆرگەن ئادەم يەنە كۆرگۈسى كەلگۈدەك بىر ساھىبجامال قىز بولۇپ ئۆسكەنىد-كەن. ئارزۇگۇل ئۆزىنىڭ باغ ئارا سەيلىسىدىن، بۇلبۇل، تۇ-تىيالار بەزمىسىدىن قايتىپ ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، دادىسى بىلەن ئانىسى ھەسرەت ـ نادامەت دېڭىزىغا پېتىپ كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى تۆككەن ھالەتتە ئولتۇرغان. ئاتا ـ ئانا قىزىنى كۆرۈپ دەررۇ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرغان بولسى-مۇ، سولغۇن چىرايلىرىنى يوشۇرالماپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىنى كۆرگەن ئارزۇگۇل بىردە دادىسىغا، بىردە ئانىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «سىلەرنى قانداق ئىش بۇنداق دەرد ـ ئەلەمگە سالدى؟» دەپ سوراپتۇ. ئېرنەزەر باغۋەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى ئارزۇگۇلگە ئېيتىپ، ئۆز قىزىنىڭ نازۇك كۆڭلىنى ئازابلاشنى خالىماپتۇ ـ دە:

— قىزىم، بىز سېنىڭ كېيىنكى بەختلىك كۈنلىرىڭنى كۆرەلەرمىزمۇ، دەپ يىغلاۋاتىمىز، — دەپ ئەر ـ ئايال ئىك-كىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىپتۇ. ئارزۇ-گۇلنىڭمۇ كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ، كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت توشۇپ، ۋەزىر ئېرنەزەر باغۋەننىڭ ھۇزۇرىغا ئۇنۇپتۇ. ئېرنەزەر باغۋەن ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ رازى بولغانلىقىنى، لېكىن قىزىغا ئېيتمىغانلىقىنى، يەنە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسە، قىزىغا ئېيد-تىپ ئاندىن تويغا تۇتۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر:

— بۇ نۆۋەتمۇ ماقۇل بولاي، ئەگەر بۇداقى قېتىمدا يەنە ئېنىق جاۋاب بولمايدىكەن، مەندىن ئاغرىنماڭلار، — دەپتۇ.

ئېرنەزەر باغۋەن بىلەن ئايالى يا تىرىك، يا ئۆلۈك ئەمەس بولۇپ، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قاپتۇ. ئارزۇگۈلنى پادىشاھنىڭ قىزى دەي دېسە تېخى، ئۆزىمىزنىڭ قىزى دەي دېسە تېخى، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئاتا - ئانىنىڭ ئاھى تاغلارنى، كۆزىدىن ئاققان ياشلىرى زېمىننى بېسىپ، رۇخسارى ساماندەك سارغىيىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپتۇ.

ئارزۇگۈل ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە باغ ئارىلاپ قۇشلار بىلەن ئويناپ، ئۆيگە كىرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرايىنى يەنە سولغۇن كۆرۈپتۇ.

— ئەي ئاتا - ئانا، نېمە بولدۇڭلار؟ بىرقانچە كۈندىن بېرى رۇخسارىڭلار كۈندىن - كۈنگە سولىشىپ، كۆزۈڭلاردىن ياش قۇرۇمايدىغۇ؟ زادى بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. ئېرنەزەر باغۋەن ئاخىر ئېغىز ئېچىپتۇ:

— قىزىم، سەندىن يوشۇرغان ئىشنى ئەمدى ئېيتمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. پادىشاھىمىز قاراخاندىن ساڭا ئەلچى كەلدى. شۇ ۋەجدىن يىغلايمىز. قاراخان پادىشاھ ئەسلىي سېنىڭ ئۆز داداڭ بولىدۇ، — دەپ، بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ بايان قىپتۇ. بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغان ئارزۇگۈلنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپتۇ، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ. ئاتا - ئانا ۋە ئارزۇگۈل كۆپ ئويلانغان بولسىمۇ، مۇۋاپىق بىر يول تاپالماپتۇ. مۆھلەت كۈنى توشاي دەپ، ئازاب قىلىچى بوغۇزغا تاقىلىپتۇ.

ئارزۇگۈل باغ ئارىلاپ كۆل بويىغا كېلىپ كۆز ياشلىرىنى كۆلگە تۆكۈپتۇ، ئاللادىن ئۆزىگە ياردەم تىلەپتۇ، بارا - بارا جىسمى بوشىشىپ، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاق سەللە ئورىغان، ئاپئاق ساقال، ئاق



كۆڭلەك، ئاق ئىشتان كىيگەن، هاسا تۇتقان بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. ئارزۇگۈل بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ئارزۇگۈلگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— قىزىم، بېشىڭغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئاڭلىدىم. مەن سېنى ئاقتاش ئېلىنىڭ پادىشاھى سۇلتان خاننىڭ ئوغلى سۇۋانخانغا ئاتا قىلدىم. هازىر سەن ئويغىنىسەن، ئالدىڭغا بىر ئۇچار تۇلپار جابدۇقلىرى بىلەن هازىر بولىدۇ. ئەرەنچە كىيىنىپ، بۇگۈن كېچە يولغا چىق. كۈنپېتىشقا قاراپ ئون بەش كۈن يول يۈرسەڭ بىر چۆلگە كېلىسەن. چۆلدە بىر كاتتا قورغان كۆرۈنىدۇ. بۇنى چۆل قورغان دەيدۇ، قورغاننى بىر ئەجدىھا ساقلايدۇ. سەن قورقماي بارىۋەر، ئەجدىھا سېنى دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋېتىدۇ. سەن باغ ئىچىدە ئويناپ يۈرىۋەر، قالغان ئىشنى كېيىن بىلىسەن، — دەپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئارزۇگۈل چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، كۆز ئالدىدا بىر تۇلپار جابدۇقلىرى بىلەن تەييار بولۇپ تۇرغان. قىز ئاتنى يېتىلەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا ئارزۇگۈل ئەرەنچە كىيىنىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن زار ـ زار يىغلاپ خوشلىشىپ، چۆل قورغان نەدىسەن، دەپ يولغا راۋان

بوپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تۇلپار ئارزۇگۈلنى قاراخان پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارزۇگۈلنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ: «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار دەرھال ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ جاللاتلارغا: «باغۋەننى ئايالى بىلەن ھازىرلا تۇتۇپ كېلىڭلار. ئىككىلىسىنىڭ كۆزى ئويۇلۇپ، زىندانغا تاشلانسۇن !» دەپ پەرمان قىپتۇ. جاللاتلار باغۋەننى ئايالى بىلەن تۇتۇپ كەپتۇ. باغۋەن ئۆزىگە ياخشى كۆن يوقلۇقىنى سېزىپ، پادىشاھ ئالدىدا ئەسلىي ۋەقەنى ئېيتىپ تاشلىغان بولسىمۇ، پادىشاھ ئىشق ئوتىدا مەست بولۇپ، ئېرىنەزەر باغۋەن بىلەن ئايالىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ، باغۋارانلىرىنى ئۆزىنىڭ مۈلكى قىلىۋاپتۇ. قاراخان پادىشاھ ئارزۇگۈلنى ئاسمانغا چىقسا تاپىمىدىن، يەرگە كىرسە كوكۇلىسىدىن تارتىۋالىمەن، دەپ قەسەم قىپتۇ. جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، لەكمىڭ ـ لەكمىڭ، سانجاق ـ سانجاق لەشكەر بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

قاراخان پادىشاھ يول يۈرۈپ تۇرسۇن، گەپنى ئارزۇگۈلدىن ئاڭلايلى:

ئارزۇگۈل ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش ھالدا قاراخان پادىشاھلىقىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىپتۇ. ئۇ تاغلار ئېشىپتۇ، سۇلار كېچىپتۇ، كۈندۈزنى كەچكە ئۇلاپ يول يۈرۈپ، كېچىسى ئاينى ھەمراھ قىلىپ، بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. تاغ ئىچىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە قوي بېقىپ كېلىۋاتقان چىچەن ۋە باتۇر بىر قويچى بار ئىكەن. قويچى قويلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزى ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قويلىرىغا قاراۋاتقاندا

كەن، قويلار ئوتلاۋاتقان تەرەپتىن كىلىشكەن بىر يىگىت چىقىپ كەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپتۇ يىگىت قويچىغا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ قويچىمۇ يىگىتكە سالام قايتۇرۇپتۇ.

— مەن يولدىن ئاداشقان بىر يولۇچىمەن. قۇم چۆلىدە چۆل قورغان بار، دەپ ئاڭلىدىم. مەن شۇ قورغانغا بارماقچىمەن، يولنى كۆرسىتىپ قويالارسىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يولۇچى يىگىت.

قويچى يىگىت يولۇچىغا سەپسىلىپ، ئۇنىڭ كىلىشكەن تەقى - تۇرقىغا، قىزلارغا خاس گۈزەل جامالىغا تاڭ قاپتۇ ۋە گەپ - سۆزلىرىنىڭ جايىدىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. قويچى يىراقنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

— مۇشۇ تاغدىن ھالقىپ ئۆتسىڭىز ئاق قۇم، دىگەن چۆلگە بارىسىز، ئاندىن يەنە بىر كۈن يول يۈرسىڭىز چۆل ئىچىدە بىر ئېگىز قورغان كۆرۈنىدۇ، سىز ئىزدىگەن قورغان شۇ. لېكىن، سەپىرىڭىز خەتەرلىك، قورغاننى يوغان بىر ئەجدىھا قوغدايدۇ، ئېھتىيات قىلىڭ، — دەپتۇ.

يولۇچى يىگىت قويچىغا رەھمەت ئېيتىپ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بۇ يولۇچى يىگىت ئارزۇگۈل ئىكەن.

ئارزۇگۈل قويچىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۇزاق يول يۈرۈپ ئاخىر چۆل قورغانغا يىتىپ كەپتۇ. ئۇ قورغاننىڭ يىنىغا كىلىپ شۇنداق قارىسا، قورغان ئالدىدا غايەت يوغان بىر ئەجدىھا ياتقان، ئەجدىھانىڭ ھەيۋىسىدىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكى تىترەيدىكەن، ئۇ ئازراقلا قىمىرلاپ قويسا، يەرلەر تەۋرەپ كىتىدىكەن. ئارزۇگۈل دەسلەپ قورققان بولسىمۇ، لېكىن چۈشىدە كۆرۈنگەن خىزىرنىڭ سۆزى بويىچە ئۆزىنى

چىلىك تۇتۇپ چۆل قورغان دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپتۇ. ئاررزۇ-گۇل يېقىنلاشقانسېرى ئەجدىها ياۋاشلىشىپ، ئاررزۇگۇلگە يول بوشىتىپتۇ. ئاررزۇگۇل دەرۋازىنى بىر ئىتتىرىپ قورغان ئىچىگە كىرىپتۇ. ئەيىۇھەنناس ! بۇ قانداق قورغان؟ قورغاننىڭ ئىچى جەننەتنى فىردەۋسنىڭ ئۆزى ئىكەن. تۇۋرۇكلىرى ئالتۇندىن، دېرىزىلىرى كۈمۈشتىن، يوللىرى مەرمەردىن، ئۆي ئىچى گىلەم، كىمخاب، ئۇنچە - مەرۋايىت، گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن، باغلىرى رەت - رەت، ھەر دوقمۇشتا بىر قەسىر - شىپاڭ، تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن، ياڭزىمۇياڭزا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان، كۆللىرىدە كۈمۈشتەك سۇلار چايقىلىپ، ئالتۇنبېلىقلار ئوينىاپ تۇرغان.

ئاررزۇگۇل تۇلپارىنى باغلاپ، ئۇيان - بۇيان بىرپەس كۆز تاشلاپ، شېرىن سۇلارنى ئىچىپ، ئېسىل غىزالارنى يەپ، زىلال كۆللەرگە چۆمۈلۈپ چىقىپ بىر قەسىرگە كىرىپ، ساندۇقتىن ئۆزىگە يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىپ، سۇمبۇل چېچىنى تاراپ، ئەينەك ئالدىغا كەپتۇ. مانا ئەمدى ئاررزۇگۇل بۇ گۈزەل باغقا لايىق ھەقىقىي پەرىزاتقا ئايلىنىپتۇ.

ئاررزۇگۇل باغ ئارىلاپ ئۆزىنى خۇش قىلىپ تۇرسۇن، گەپنى ئاقتاش ئېلىدىن ئاڭلايلى:

ئاقتاش ئېلىمۇ خۇددى قاراخان پادىشاھلىقىغا ئوخشاش ئۇچەت - بۇچەتلىرىگە ئات بىلەن يېتىپ بولماس، نەچچە تاغ، نەچچە دەريا، نەچچە شەھىرى، ھېسابسىز بايلىقى، نۇرغۇن پۇقراسى بار قۇدرەتلىك بىر پادىشاھلىق ئىكەن. ئاقتاش ئې-لىنىڭ پادىشاھى سۇلتانخانغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا خۇدا بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ. پادىشاھ سۇلتانخان شەھەر خەل-قىنى ئوتتۇز كۈن ئويناتتىپ، قىرىق كۈن تويلىتىپ، ئوغلى-غا «سۇۋانخان» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. سۇۋانخان چاققان، زې-

رەك، قاۋۇل بولۇپ ئۆسۈپ مەكتەپ يېشىغا توشقاندا، پادىشاھ ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئۆزى بىلەن تەڭ قۇراملىق قىرىق نۆكىرىمۇ بىللە يۇرىدىكەن. سۇۋانخان بۇ نۆكەرلىرى بىلەن دائىم لەشكىرىي مەشىقلەرنى ئېلىپ بارد-دىكەن. ئۇ يىگىرمە ياشقا توشقان چاغلىرىدا ئەلەمدە ھەم قە-لەمدە ئۆز زامانىسىدىكى ئالىم ۋە لەشكەر باشلىرىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ سۇلتانخان ئۆز بالىسىدىن پەخىرلىنىدىكەن.

سۇۋانخاننىڭ بەختىيار ئىسىملىك بىر جانجىگەر دوستى بار ئىكەن. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدىكەنكى، بەزىدە پادىشاھ ئۆز بالىسى سۇۋانخان بىلەن بەختىيارنى ئاجرىتالماي قالىدىكەن.

بىر كۈنى سۇۋانخان لەشكىرىي مەشىقنى تۈگىتىپ تاماق-نى يەپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. چۈشىدە ئاق ساقال، خۇش چىراي بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. سۇۋانخان بوۋايغا سالام قىپتۇ. بوۋاي سۇۋانخانغا دەپتۇ: «ئەي بالام، ئورنۇڭدىن تۇر، مەن ساڭا چۆل قورغان دېگەن يەردە ئارزۇگۇل ئىسىملىك بىر پەرىنى ئاتا قىلدىم، بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئال. ئامىن، يول بولسۇن». سۇۋانخان يولغا چىقىپتۇ، يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىر كاتتا بىر قور-غانغا يېتىپ كەپتۇ. قورغان ئالدىنى بىر ئەجدىھا ساقلاپ ياتقانىكەن، ئەجدىھا سۇۋانخاننى كۆرۈپ يول بېرىپتۇ. سۇۋان-



خان: «يا رەببىم» دېگىنىچە قورغان ئىچىگە كىرىپتۇ. ئەيىۋ-ھەنناس! قورغان ئىچى شۇنداق گۈزەل باغ ئىكەنكى، بۇنداق باغنى ئېرەمنى ئۇ ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىكەن. سۇۋانخان تاڭ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ساراي ئىشىكى ئېچىلىپ، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار بىر نازىنىن قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ چىقىپ كەپتۇ. ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، ھەر باسقاندا يۇرەكلەرگە ئوت سېلىپ، بىر چىنە مۇزدەك سۇنى كۆتۈرۈپ سۇۋانخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خۇش كېلىپسىز، مېھمان يىگىت، ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭ، — دېگىنىچە تال چىۋىقتەك بەللىرىنى ئېگىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

سۇۋانخان قىزنىڭ سۇنغان سۇيىنى ئىچىپ، قىزنىڭ نامە-شەرىپىنى سوراپتۇ. قىزمۇ يىگىتنىڭ نامىشەرىپىنى سوراپتۇ. ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئاشىق - مەشۇقلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ: «ئاھ، ئارزۇگۈل!» «ئاھ، سۇۋانخان!» دېگىنىچە بىرى - بىرىگە ئېتىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا سۇۋان-خان ئويغىنىپ كېتىپتۇ، يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپتۇ، پۇت - قولىدا دەرمان قالماپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ چۈشىدە كۆرگەن ئارزۇگۈلنىڭ رەڭگى - رۇخسارى كۆز ئالدىدىن كەتمەپتۇ، بىر غايىۋى كېسەل ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىنى چىرماپتۇ. سۇل-تانخان ئۆز ئوغلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چىرايى ساماندەك سار-غىيىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپ، ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىۋات-قانلىقىنى كۆرۈپ، كۆرسەتمىگەن تېۋىپى، ئوقۇتمىغان موللىسى قالماپتۇ، لېكىن سۇۋانخان شىپالىق تاپالماپتۇ.

سۇۋانخاننىڭ جانجىگەر ئاغىنىسى بەختىيارمۇ سۇۋانخان-نىڭ بېشىدا پەرۋانە بوپتۇ. سۇۋانخان ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىچكى سىرىنى بەختىيارغا ئېيتىپتۇ. بەختىيارمۇ چوڭقۇر ئويغا چۆ-

مۇپتۇ. ئىككى دوست ئۇيلا - ئۇيلا ئاخىر سۇۋانخان چۈشىدە كۆرگەن چۆل قورغاننى ئىزدەپ، ئارزۇگۇلنى تېپىشنى نىيەت قىلىپ قەسەم قىلىشىپتۇ. بەختىيار پادىشاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ سۇۋانخاننىڭ شىكارغا چىقىپ كۆڭلىنى ئېچىش نىيىتى بار-لىقىنى خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغانلى-قىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بوپتۇ ۋە رۇخسەت قىپتۇ.

سۇۋانخان شىكار تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ، بەختىيار بىلەن بىللە قىرىق يىگىتنى ئېلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار تاغلارنى ئېشىپ، سۇلارنى كېچىپ بىر چۆلگە يېتىپ كەپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر چىرايلىق كېيىك بۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. سۇۋانخاننىڭ شىكار ھەۋىسى قوزغىلىپ: «بۇ كې-يىكنى قورشاڭلار، تىرىك تۇتىمىز، ئەگەر كىم قاچۇرۇپ قويسا كاللىسى ئېلىنىدۇ» دېگىنىچە كېيىككە ئات ساپتۇ. كىم بىلسۇن، كېيىك بىر سەكرەپلا سۇۋانخاننىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ چۆلگە قېچىپتۇ. ئەلەمگە چىدىمىغان سۇۋانخان كېيىكنى جان - جەھلى بىلەن قوغلاپ چۆل ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قىرىق يىگىتمۇ سۇۋانخاننىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپتۇ. ھاۋا بىردىن ئۆزگىرىپ، شامال چىقىپتۇ، شامال بارا - بارا بورانغا ئايلىنىپ، چۆل قۇيۇنلىرى ئاسمانغا كۆتۈ-رۈلۈپ، ئاسمان - زېمىننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. قىرىق يى-



گىت سۇۋانخاننى كۆزدىن يىتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

سۇۋانخان كېپىكنى تاپ بېسىپ قوغلاپ ئاخىر بىر قورغانغا يېتىپ كەپتۇ. كېپىك قورغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇۋانخانمۇ كېپىكنىڭ كەينىدىن قورغانغا كىرىپتۇ. ئەييۇھەنناس! قارىغۇدەك بولسا، بۇ قورغان ئۆزى چۈشىدە كۆرگەن باغى ئېرەمنىڭ دەل ئۆزى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈشىگە، چۈشىدە كۆرگەن پەرىزات قەسىردىن چىقىپ كەپتۇ. سۇۋانخان چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ دېگىنىچە قىزغا قاراپ قەدەم تاشلاپتۇ. ئارزۇگۇلمۇ: «سىز سۇۋانخان بولامسىز؟» دېگىنىچە يىگىتكە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئىككى ئاشىق - مەشۇق قۇچاقلىشىپتۇ، گويا سۇغا سۇ قېتىلغاندەك بوپتۇ.

سۇۋانخان بىلەن ئارزۇگۇل قورغان ئىچىدە مۇراد - مەقسەتكە يېتىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى سۇۋانخاننىڭ دادىسى سۇلتانخاندىن ئاڭلايلى:

سۇۋانخاننىڭ قىرىق يىگىتى سۇۋانخاننى چۆل ئىچىدە يەتتە كېچە - كۈندۈز ئىزدەپ تاپالماي، ئاخىر ئىلاجسىز ئۆز شەھىرىگە قايتىپتۇ. قىرىق يىگىت شاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، ئۆز بويۇنلىرىغا قىلىچ تەڭلەپ، سۇۋانخاننى يىتتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يىغلىشىپتۇ. سۇلتانخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىھوش بولۇپ تەخت ئۈستىگە يىقىلىپتۇ. سۇلتانخان ھوشىغا كېلىپ قىرىق يىگىتنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە سۇۋانخان ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ئۆزدىمۇ شەھەر سىرتىغا چېدىر - بارگاھلارنى قۇرۇپ، ماتەم تۇتۇپتۇ. بەختىيارمۇ دوستىنىڭ پىراقىدا ئاھۇپىغان چېكىپ، دەرۋىشلىك يولىنى تاللاپ، بىر ئېگىز تاغنىڭ ئۆڭكۈرىنى ماكان قىپتۇ.

بىز ئەمدى چۆل قورغانغا تاشلاپ قويغان ئارزۇگۈل بىلەن سۇۋانخانغا كەلسەك، ئىككى ئاشىق - مەشۇق قورغان ئىچىدە ئۆز مۇرادىغا يېتىپ، بىر - بىرىگە شېرىن - شېكەر سۆز - لىرىنى قىلىشىپ، ئويناپ - كۈلۈپ خېلى كۈنلەرنى ئۆتكۈ - زۈپتۇ. بىر كۈنى سۇۋانخان ئارزۇگۈلگە:

— ئارزۇگۈل، مەن دادامدىن شىكار ئۈچۈن رۇخسەت ئې - لىپ چىققان. بۇگۈن مەن مەقسەت - مۇرادىمغا يەتتىم. دادام ۋە ئانام بەلكىم مۇشۇ مىنۇتلاردا مېنىڭ ھەسرەت ئوتۇمدا كۆيۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن قايتىپ دادام بىلەن ئانامنى خۇش قىلاي، قائىدە - يوسۇن بىلەن سىزنى ئۆز ئېلىمگە — ئاتا - ئانامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باراي، — دەپتۇ. ئارزۇگۈلمۇ سۇۋانخاننىڭ گېپىنى ماقۇللاپ:

— بولىدۇ، مەن سىزنى كۈتىمەن، ئاتا - ئانىنى رازى قىلىش بىز بالىلارنىڭ قەرزى، — دەپتۇ.

ئىككى ئاشىق - مەشۇق ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي مىڭ تەسلىكتە خوشلىشىپتۇ. سۇۋانخان چۆل قورغاندىن ئايرىلىپ ئۆز يۇرتىغا يول ئاپتۇ.

بەختىيار تاغ ئۈستىدە دوستى سۇۋانخاننىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپتۇ. ئۇنىڭ سالامەت كېلىشىنى بىر ئاللادىن سوراپ، قاقشاپ - يىغلاپ تۇرۇشىغا يىراقتىن بىر ئاتلىق ئا - دەم كۆرۈنۈپتۇ، ئاتلىق ئادەم بارا - بارا يېقىنلىشىپتۇ. قارى - غۇدەك بولسا، ئۇ سۇۋانخانىكەن. بەختىيار: «ئوڭۇممۇ، چۈ - شۈممۇ بۇ؟ سۇۋانخان دوستۇم، سەن ھايات ئىكەنسەن» دېگى - نىچە تاغ ئۈستىدىن دومىلاپ دېگۈدەك يەرگە چۈشۈپ، دوستى سۇۋانخاننى باغرىغا بېسىپتۇ. سۇۋانخان بارلىق ۋەقەنى دوس - تىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بەختىيار:

— سەن توختاپتۇر، مەن بېرىپ داداڭغا خەۋەر قىلىپ

سۆيۈنچە ئالاي، — دېگىنىچە شەھەرگە ئات سالىتۇ. ئۇ: «سۆ-يۈنچە! سۆيۈنچە!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە پادىشاھنىڭ چېدىر-بارگاھىغا يېتىپ كېلىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن پادىشاھ چېدى-رىنىڭ تارتما ئارقىنىغا ئېتى بىلەن كېلىپ ئۇرۇلۇپ ئارقا-نى ئۈزۈپ تاشلاپ، پادىشاھنىڭ خاس چېدىرىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. پادىشاھ ماتەم تۇتۇپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن بۇنى ئۆزىگە ھاقارەت بىلىپتۇ - دە: «جاللات، بۇ مەلئۇننى ئۆلتۈرۈۋەتلار!» دەپ ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار بەختىيارنى بىردەمدە جادا كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، بېشىنى كېسىشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ ئا-رىلىقتا سۇۋانخانمۇ ئات چاپتۇرۇپ ئاتىسى بار چېدىرغا يې-قىنلىشىپ: «ھەي دادا، مەن كەلدىم» دەپ ۋارقىراپتۇ. سۇل-تانخان چېدىردىن چىقىپ قارىسا، ئۆزىنىڭ ئوغلى سۇۋانخان تۇرغۇدەك. سۇلتانخان: «ۋاي بالام» دېگىنىچە ئوغلىغا تاشلى-نىپتۇ. ئاتا - بالا بىرتەن بولۇپ كېتىپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى داقا - دۇمباق چېلىپ، ماتەم لىباسلىرىنى تاشلاپ، شاد - خۇراملىققا چۆمۈپتۇ. سۇۋانخان دادىسىدىن دوستى بەختىيارنى سورىغانىكەن، پادىشاھ دەررۇ بەختىيارنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭغا سۆيۈنچە بېرىپتۇ.

پادىشاھ بالىسىنىڭ ھايات قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شەھەر خەلقىگە ئۈچ كۈن توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

سۇۋانخان شەھەر خەلقى بىلەن بىللە ئۈچ كۈن ئويناپ - كۈلۈپتۇ، لېكىن كۆڭلى يەنىلا چۆل قورغاندىكى ئارزۇگۈلدە ئىكەن. ئاخىر سۇۋانخان دوستى ئارقىلىق دادىسىغا ئۆز مۇراد - مەقسىتىنى ئىزھار قىپتۇ، دادىسى ماقۇل بولۇپ، ئون بەش كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ، ئۆزى بولسا، ئوغلى ئارزۇگۈلنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە چوڭ توي - تاماشىلارنى قىلىپ بېرىش نىيىتىدە تەييارگەرلىككە

چۇشۇپتۇ.

سۇۋانخان سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، قايدىسەن چۆل قورغان دەپ ئات سېلىپ ئارزۇگۇلنىڭ يېنىغا ئاتلىنىپتۇ. ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئادەم ئېلىپ مېڭىشنى لايىق كۆرمەي، تەنها يولغا چىقىپتۇ، يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئاخىر چۆل قورغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ مەشۇقى ئارزۇگۇل بىلەن دىدارلىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قاراخان پادىشاھىدىن ئاڭلاڭ:

قاراخان پادىشاھى لەكمىڭ ـ لەكمىڭ، سانجاق ـ سانجاق لەشكىرىنى باشلاپ تاغ ئارىسىدىكى ھېلىقى قويچىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە مۇشۇ يول بىلەن بىر قىزنىڭ ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. قويچى: «قىز بالىنى كۆرمىدىم، لېكىن قىز بالىغا بەرگۇسىز بىر يىگىتنى كۆردۈم. ئۇ يىگىت چۆل قورغان دېگەن بىر تىلسىمات قورغان تەرەپكە كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قاراخان پادىشاھ قويچىنىڭ: «قىز بالىغا بەرگۇسىز يىگىت» دېگىنىنى ئاڭلاپ، بەلكى ئارزۇگۇل ئەرەنچە ياسىنىپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ چۆل قورغانغا ئاتلىنىپتۇ.

سۇۋانخان بىلەن ئارزۇگۇل سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ ئەمدى قورغاننىڭ سىرتىغا چىقىشىغا، تۆت ئەتراپنى قورشىۋالغان گىرە ـ گىرە، ئايماق ـ ئايماق، سانجاق ـ سانجاق لەشكەرلەر ۋە تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار قورغان ئىچىگە قايتىپ كىرىپ، دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپتۇ. ئارزۇگۇل: «تۇغ ـ ئەلەملەرگە قارىغاندا، بۇ لەشكەرلەر قاراخان پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى» دەپتۇ ـ دە، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىپتۇ. سۇۋانخاننىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، غەزەپ ـ نەپرەتلىرى تېشىپ، بەدەن موي لىرى كۆڭلەكلىرىنى

تېشىپ چىقىپتۇ. «توختا، مەن سەنلەرگە تېتىمىسام سۇۋاز-
خان بولماي كېتەي !» دېگىنىچە قىلىچ - نەيزىسىنى ئې-
لىپ، نەرە تارتقىنىچە جەڭگە چىقىپتۇ.

ئۇ كۇنى شۇنداق بىر جەڭ بوپتۇكى، گويا قىيامەت قايىم
بولغاندەك بوپتۇ، ئۆلۈكلەر سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كېتىپ-
تۇ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. كەچ كىرىپ دۇمباق چېلىن-
نىپتۇ، لەشكەرلەر ئۆز بارگاھلىرىغا قايتىپتۇ. سۇۋانخانمۇ
قورغانغا كىرىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئېتىپ كۇن چىقىپتۇ. قارا-
خاننىڭ لەشكەرلىرى دۇمباق چېلىپ جەڭگە سەپراس بوپتۇ.
سۇۋانخان خۇددى شىردەك دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ. قى-
لىچ - نەيزىلەر بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندا خۇددى چاقماق
چاققاندەك ئوتلار چاچرايدىكەن. سۇۋانخان دۇشمەن ئىچىدە
بىردە سولغا، بىردە ئوڭغا نەرە تارتىپ، قىلىچ ئۇرۇپ، دۇش-
مەن كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىپ، بىر ئۇرۇشىدا نەچچە ئون
ئادەمنىڭ بېشىنى كېسىپ، لەشكەرلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى تىت-
رىتىۋېتىپتۇ. كۇن يېنىپ، چۆل قىزىرىپتۇ. قاراخان تەرەپ
دۇمباق چېلىپ لەشكەرلىرىنى بارگاھقا يىغىپتۇ، سۇۋانخانمۇ
قورغانغا قايتىپتۇ.

قاراخان پادىشاھ جەڭ بىلەن سۇۋانخاننى يېڭىشكە كۆزى
يەتمەي، رەڭۋازلىق قىلىشقا ئۆتۈپتۇ. ئۇ چوڭقۇر بىر ئورا
كولاپ، ئىككى مىڭ مەرگەننى ئورىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. جەڭ
باشلانغاندا، لەشكەرلەر يېڭىلگەن بولۇپ چېكىنىپ، سۇۋانخان
ئورىغا يېقىنلاشقاندا ئىككى مىڭ مەرگەن تەڭلا ئوق ئۈزمەك-
چى بوپتۇ.

ئەتىسى جەڭ يەنە باشلىنىپتۇ. سۇۋانخاننىڭ ئەسلي ئۆ-
زى بىلەن بىر ياشلىق ئالما كۆز دېگەن ئۇچار ئېتى بار ئى-
كەن. سۇۋانخان ئۆمرىدە ئاتتىن بىر كۇنمۇ ئايرىلمىغان ۋە

ئاتقا بىر قامچىمۇ سېلىپ باقمىغانىكەن. ئۇ ئالما كۆزنى مەنىپ، دۈشمىنىگە شىردەك ئېتىلىپتۇ. دۈشمەن چېكىنىپتۇ. سۇۋانخان دۈشمەننى قوغلاپ بىر جايغا كەلگەندە، ئالما كۆز چىپپىدە توختاپتۇ. بۇ ھالەت سۇۋانخانغا ھاقارەت بىلىنىپتۇدە، ئاتقا بىر قامچا ساپتۇ. ئات كىشنىگىنىچە ئېگىزگە سەكرەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئىككى مىڭ مەرگەن سۇۋانخانغا تەڭلا ئوق ئېتىپتۇ، نەچچە يۈز تال ئوق سۇۋانخانغا كېلىپ سانجىلىپتۇ، ئۇ ئېغىر يارىلىنىپتۇ. ئالما كۆز ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆزىنىڭ سادىق ئىگىسىنى قورغان ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ. دۈشمەن قورغانغا چۇمۇلىدەك بېسىپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئارزۇگۈل ئاتنىڭ كىشنىشىدىن ئەنسىرەپ قورۇغا چىقىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، سۇۋانخان ھوشىدىن كەتكەن، ئۇنىڭ بەدىنىدە نەچچە يۈز ئوق سانجىقلىق تۇرغان. ئارزۇگۈل: «سۇۋانخان !» دېگىنىچە ئۇنى ئاتتىن يۆلەپ يەرگە ياتقۇزۇپتۇ، ئۇنىڭ تېنىدىن ئوقلارنى ئېلىپ مەلھەم سۈركەپتۇ، قورغاننىڭ سىرتىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆزى سۇۋانخانغا



ئوخشاش ياسىنىپ، قولىغا قىلىچ - نەيزە ئېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپكە تولۇپ، دەرۋازىنى ئېچىپ دۈشمەن ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئارزۇگۇل شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئاق ئات مىنگەن پالۋان سۇپەت بىر يىگىت دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقان، بۇ هال ئارزۇگۇلگە چوڭ مەدەت بوپتۇ. ئارزۇگۇل دۈشمەنلەرنى قىرغىن قىلىشقا باشلاپتۇ. دۈشمەنلەرنىڭ بېشى سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپ: «ۋايجان، ۋايىيەي ! » دېگەن ئاۋازلار چۆلنى بىر ئاپتۇ. دۈشمەن هال-سىراپ چېكىنىشكە يۈزلىنىپتۇ. ئارزۇگۇل بىلەن هېلىقى پالۋان يىگىت قاچقانلارنى سۈر - توقاي قىلىپ، قۇم - تۇپراقتەك چۆلگە چېچىۋېتىپتۇ. قاراخان پادشاھ هېچ ئىلاج قىلالماي، كەلگەن يولى بىلەن ئۆز شەھىرىگە چېكىنىپتۇ.

ئارزۇگۇل بىلەن هېلىقى يىگىت قورغانغا قايتىپ كەپتۇ، ئاڭغىچە سۇۋانخانمۇ هوشىغا كەپتۇ. هېلىقى يىگىت سۇۋانخان بىلەن سالاملىشىپ، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ دەپتۇ:

— مەن ئەسلىي ئاشۇ ئېگىز تاغدا قوي باقىدىغان قويچى بولىمەن. تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ سىزنىڭ يەككە - يېگانە جەڭ قىلىۋاتقىنىڭىزغا قاراپ ئاپىرىن ئوقۇۋاتسام، دۈشمەن تەرەپ نامەردلىك قىلدى، ئاخىر چىداپ تۇرالماي جەڭگە چۈشتۈم.

سۇۋانخان بىلەن ئارزۇگۇل قويچىغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ قورغاندىن كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كېلىپ:

— سىزنىڭ مەردلىكىڭىز ئۈچۈن بۇ قورغان بىزدىن سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن، — دەپتۇ.

سۇۋانخان ئارزۇگۇلنىڭ ياخشى كۆتۈشى بىلەن تېزلا ساقىيىپ ئاتقا مىنگۈدەك بوپتۇ. ئارزۇگۇل بىلەن سۇۋانخان سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. قويچى يىگىت چۆل

قورغان دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇلارنى ئۇزىتىپ قاپتۇ. ئارزۇگۈل بىلەن سۇۋانخان ئۇزاق يوللارنى بېسىپ سۇلتانخاننىڭ شەھەرىگە يېتىپ كەپتۇ. سۇلتانخان ئوغلى بىلەن ئارزۇگۈلنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار پاياندار ئۈستىدە مېڭىپ، ئاتا - ئانىسىغا سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. سۇلتانخان پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق بىر كۈن توي قىلىپ بېرىپ، ئوغلى بىلەن ئارزۇگۈلنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئاشىقلار بىر تەكىيىگە باش قويۇپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئارزۇگۈل بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، سۇلتانخان ۋە سۇۋانخان چەكسىز خۇشال بوپتۇ. بالىنىڭ ئىسمىنى دىلمۇراد قويۇپتۇ.

ئەمدى چۆل قورغاندىن قېچىپ كەتكەن قاراخان پادىشاھتىن ئاز - تولا گەپ ئاڭلايلى:

قاراخان پادىشاھ جەڭ ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا كارۋانلار ئاقتاش ئېلىنىڭ پادىشاھى سۇلتانخاننىڭ ئوغلى سۇۋانخاننىڭ ئارزۇگۈل ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تويغا داخىل بولغانلىقىنى ئېيتىپ كەپتۇ. قاراخان پادىشاھ ھەسەت ۋە كۈنداشلىق ئوتىدا كۆيۈپ، تېخىمۇ يامان خىياللارغا چۆككۈپتۇ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، پادىشاھلىقىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇگۈل بىلەن تېگىشىلگەن ئوغلىغا تاشلاپ، قىرىق قېچىرغا ئالتۇن - كۈمۈش ئارتىپ، ئىسمىنى «ئاللايار»غا ئۆزگەرتىپ، رەببىم، دېگىنىچە ئاقتاش ئېلىگە يول ئاپتۇ، قاراخان پادىشاھ تاغۇتاشلاردىن، چۆل - باياۋانلاردىن ئۆتۈپ، ئاقتاش ئېلىنىڭ پادىشاھى تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كېلىپ بىر كارۋانسارايغا چۈشۈپتۇ. ساراي خوجايىنى ئۆز سارىيىغا چۈشكەن كارۋانچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن

نەرسىلىرىنى كۆرۈپ، بۇلارنىڭ ئاددىي بىر كارۋانچى ئەمەس-لىكىنى سېزىپ، پادىشاھ سۇلتانخانغا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ سۇلتانخان دەررۇ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئاللايارنى خان ئوردىسىغا چاقىرىپ، ئۇنى سوراق ئاستىغا ئاپتۇ:

— نېمە ئادەمسەن؟ سەپىرىڭ قايان؟

قاراخان پادىشاھ:

— مەن قارىياغاچ ئېلىنىڭ پادىشاھى ئاللايار بولىمەن. دۆلىتىمگە يات بىر ئەل لەشكەر تارتىپ كەلدى. مەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ، دۆلەت ۋە ئائىلەمنى تاشلاپ ئۆزلى-رىدىن پاناھلىق تىلەپ كېلىشىم، — دەپتۇ - دە، پادىشاھ سۇلتانخانغا ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ. سۇلتانخان مەرد پادىشاھ بولغاچقا، ئاللايارنىڭ يالغاندىن تۆككەن ياشلىرىغا ئىشىنىپ، ئوغلى سۇۋانخان باشچىلىقىدا قارىياغاچ ئېلىگە لەشكەر تارتى-ماقچى بوپتۇ. ئۇلار لەشكىرىي تەييارلىقلىرىنى تۈگىتىپ مې-ڭىش ئالدىدا، ئارزۇگۇل بىلەن سۇۋانخان خوشلىشىپتۇ. ئاجا-يىپ مۆجىزات!

سۇۋانخاننىڭ بۆشۈكتە ياتقان بوۋاق ئوغلى دىلمۇراد يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— دادا، سىز جەڭگە بارماڭ، سىز جەڭگە بارسىڭىز، مەن يېتىم قالىمەن، بېشىمغا دەرد - ئەلەم چۈشىدۇ.

بۇ غەلىتە ئەھۋال سۇۋانخاننى ئويلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئار-زۇگۇلنىڭمۇ يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ، سۇۋانخاننىڭ جەڭگە بارماسلىقىنى ئېيتىپتۇ. سۇۋانخان دادىسى سۇلتانخانغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سۇلتانخانمۇ ئويغا چۆمۈپتۇ، لېكىن ئۆزى بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەي ۋەزىر-ۋۇزرالىرىدىن ئەقىل سوراپتۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئاللايار دەررۇ سەپ ئالدىغا چىقىپ، پادىشاھقا تەزىم قىلىپ

تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئۇلۇغ پادىشاھئالەم، پېقىر ئاللايار ئۆزلىرىگە مالال-لىق يەتكۈزۈپ، ئاتىنى بالىدىن، بالىنى ئاتىدىن ئايرىپ قويد-دىغان ئوخشايمەن. ئەگەر رۇخسەت قىلسىلا، مەن باشقا بىر پادىشاھلىقتىن ياردەم سورىسام، — دەپتۇ.

شۇ ئارىلىقتا ئاللاياردىن نەچچە قېچىر ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغات ئالغان بىر ۋەزىر پادىشاھقا:

— بىر ياشقا توشمىغان بالىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ جەڭ پەرمانىدىن ۋاز كەچسىلە، خەلقئالەم ئالدىدا يۈزىمىز چۈش-مەمدۇ؟ — دەپتۇ.

سۇلتانخانمۇ ئۆزىنىڭ مەردانىلىكىگە داغ تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن نەۋرىسى دىلمۇرادنىڭ سۆزىنى بىر چەتكە قايرىپ قو-يۇپ، جەڭگە ئاتلىنىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. سوۋانخان ئىلاج-سىز سانسىزلىغان لەشكەر بىلەن سەپ تارتىپ قارىياغاچ ئې-لىگە ئاتلىنىپتۇ. ئاللايار سوۋانخاننى يولغا سېلىپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئارزۇگۈلنىڭ دېرىكىنى قىپتۇ، ئاخىر ئارزۇگۈلنىڭ شەھەر سىرتىدىكى سوۋانخاننىڭ خاس چارباغىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ.

سۇلتانخانمۇ ئاللايارنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىگە ئالدىنىپ، ئۇنى ئوردا ئىچىدە ئەتىۋارلاپتۇ، دۆلەت ئىشلىرىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. سوۋانخان كېتىپ ئاز كۈن ئۆتكەندىن كې-يىن، ئاللايار سۇلتانخانغا:

— پادىشاھئالەم، كۆڭلۈمدە تېخىچە نەۋرىڭىز دىلمۇراد-نىڭ قىلغان سۆزلىرى تۇرىدۇ. ھەر ئېھتىمالغا قارشى مەن سىزنىڭ يالغۇز ئوغلىڭىز سوۋانخاندىن بەك ئەنسىرەيمەن. مۇمكىن بولسا، مەن ئوغلىڭىزنىڭ كەينىدىن بېرىشنى لايىق كۆردۈم. سوۋانخان باتۇر بولسىمۇ، يەنىلا بالا، بىز قېرىلار

ئۇنىڭ يېنىدا مەسلىھەتچى بولۇپ تۇرغىنىمىز تۈزۈك، — دەپ، سۇلتانخاننىڭ كۆڭلىگە گۇمان ئوتىنى سېلىپ قويۇپتۇ. سۇلتانخان ئالليارغا:

— سىزنىڭ بېرىشىڭىز خۇددى مېھماننى ئىشقا سالغاندەك بىر ئىش، هازىر سىز ماڭا مېھمان، سىز ياخشى مەسلىھەت بەردىڭىز. مەن بالامنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولاي، — دەپتۇ - دە، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، ئايالىنى ۋاقتىنچە پادىشاھ، ئالليارنى ۋەزىر قىلىپ قويۇپ، ئۆزى سۇۋانخاننىڭ كەينىدىن يولغا چىقىپتۇ. ئاتا ۋە بالىدىن قۇتۇلغان ئاللايار بىر كۈنى كېچىسى ئوغرى مۈشۈكتەك شەھەر سىرتىدىكى سۇۋانخاننىڭ خاس چارباغىغا كىرىپ كەپتۇ، يىلاندەك تولغىنىپ مېڭىپ، مۈشۈكتەك پۇراپ يۈرۈپ، ئاخىر ئارزۇگۈلنىڭ خاس ھۇجرىسىنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىگە چىقىپ تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە سەپسالپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ئارزۇگۈل بۆشۈككە يۆلىنىپ ئوغلى دىلمۇرادنى ئېمىتىپ يېرىم ئۇيقۇ، يېرىم ئويغاق ھالەتتە ئولتۇرغان. ئاللايار ئالدىن تەييارلاپ قويغان خۇش پۇراقلىق بىھوش قىلىدىغان كۆمىلاچ دورىنى تۈڭلۈكتىن ئارزۇگۈلنىڭ يېنىغا تاشلاپتۇ. ئارزۇگۈل دىلمۇرادنى ئېمىتىپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، بۇرنىغا بىر خۇش پۇراق ئۇرۇلۇپتۇ، ئەتراپىنى سىلاپ، ھېلىقى كۆمىلاچ دورىنى تېپىۋاپتۇ، ئۇ كۆزىگە بىر خىل مېۋىدەك كۆرۈنۈپتۇ، چىشلەپ باقسا شۇنداق شېرىن - شېكەر. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دورىنى يەپتۇ - دە، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئاللايار تۈڭلۈكتىن ئارغان ئارقىلىق سىيرىلىپ ئۆيگە چۈشۈپتۇ - دە، بۆشۈكتە ياتقان دىلمۇرادقا ئۆچلۈكى كېلىپ خەنجەر ئۇرۇپتۇ، بالىدىن قىپقىزىل قان ئۇرغۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ئارزۇگۈلنىڭ كۆڭلىكىنىڭ

ئالدى پېشىنى يىرتىۋېتىپتۇ، دىلمۇرادنىڭ قېنى بىلەن قولى-
نى بوياپ، ئارزۇگۇلنىڭ كۆكسىگە بېسىپ بەش قولنىڭ ئى-
زىنى چىقىرىپ، ئۆزى يەنە ئارقان بىلەن تۇڭلۇكتىن چىقىپ
كېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىپ چارباغ ئىچىدىكى مۇلازىمەتچى ياساۋۇللار
ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، ئارزۇگۇلنىڭ كۇندە ھەممىدىن
بۇرۇن ئېچىلىدىغان ئىشىكى ئېچىلمىغان، ياساۋۇللار قانچە
ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئۆي ئىچىدىن سادا چىقماپتۇ. بۇ
ئەھۋالنى دەررۇ ئايال پادىشاھقا خەۋەر قىلىشىپتۇ. خانىش
ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ چارباغقا يېتىپ كېلىپ، ئارزۇ-
گۇلنى بىھوش، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا، دىلمۇرادنى بۇ-
شۇكتە قان ئىچىدە، ئۆلەر ھالەتتە ياتقان ھالدا كۆرۈپتۇ. خا-
نىش دەرھال ئوردا تېۋىپىنى چاقىرىپ كېلىپ ئارزۇگۇلنى
ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ، دىلمۇرادنىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىپ
داۋالاشقا تۇتۇش قىپتۇ. ئارزۇگۇلدىن گەپ سورىغانىكەن،
ئارزۇگۇل ھېچبىر ئىشنى يادىغا ئالالماپتۇ. خانىش ئوردىغا
قايتىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلى-
كىنى سوراپتۇ. ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەپتۇ. خانىش غەزەپكە
كەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئاللايار ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خانىش ئالىيلىرى، ئىجازەت بەرسىلە، مەن كىتاب
ئېچىپ باقسام، — دەپتۇ. خانىش ئىجازەت بېرىپتۇ. ئاللايار
كىتاب كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئارزۇگۇلنىڭ ئەسلى تېگى - تەكتى نامەلۇم ئىكەن.
ئۇنىڭ قىرىق ئوينىشى بولۇپ، ئۇ قىرىق ئوينىشى بىلەن
ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشىدىكەن. لېكىن، شۇ كۇنى كېچە قى-
رىق ئوينىشى بىر ۋاقىتتا كېلىپ قاپتۇ - دە، ئارزۇگۇلنى
تالىشىپ، دىلمۇرادقا پىچاق سېلىپ، ئارزۇگۇلنىڭ نومۇسىغا

تېگىپ، قان قولىنى ئارزۇگۈلنىڭ كۆكسىگە بېسىپ قويۇپ ئۆزلىرى قېچىپ كېتىپتۇ.
خانىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ: «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ، جاللاتلار هازىر بوپتۇ. خانىش ئارزۇگۈلنى كۆرسىتىپ:
— بۇ مەلئۇننى قەپەسكە سولاپ، تۆت كوچا ئاغزىغا ئاسىپ سازايى قىلىڭلار ھەم كۈندە ئۈچ ۋاخ ئۇرۇڭلار ! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.
بۇ خەۋەر شۇنچە مەخپىي تۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن جەڭ مەيدانىدىكى سۇۋانخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. سۇۋانخان جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپتۇ، ھەسرەت - نادامەت ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ، بىر ئۆلۈپ - بىر تىرىلىپتۇ، نومۇس كۈچى پالۋانلىقىنى بېسىپ كېتىپتۇ، دادىسى سۇلتانخاندىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز ئېلىگە قايتىپتۇ. سۇۋانخان ئۆز ئېلىگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، تۆت كوچا ئېغىزىدا ئارزۇگۈلنى ئۇرۇۋاتقان. ئۇ غەزەپ بىلەن:
— ئۇرۇڭلار ! بۇ مۇناپىقنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇڭلار ! — دېگىنىچە خاس چارباغقا كىرىپ ئۆزىنى پىنھانغا ئاپتۇ، پىنھان ئەمەس، ئىشق - مۇھەببەت كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، ئاھلى-



ـرى يالقۇن، جىسمى ئوت بوپتۇ.
ئاللايار قىلىدىغان شۇملۇقنى قىلىپ بولۇپ، قانداق قىلـ-
لىپ ئارزۇگۈلنى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئېلىشنى ئويلاپ، كۆزلىـ-
ـرىدىن ئۇيقۇ قېچىپتۇ. بىر كۈنى ئوردىغا كېلىپ، خانىش
ئالدىدا تىزلىنىپ دەپتۇ:
— خانىش ئالىيلىرى، رۇخسەت قىلسىلا، بىز ئارزۇگۈل-
نى تۆت كوچا ئېغىزىدىن يۆتكەپ، يىراق بىر جايغا ئاپىرىپ
ئۆلتۈرۈۋەتسەك، بولمىسا سۇۋانخان ھەر قېتىم ئارزۇگۈلنى
كۆرگەندە ياكى ئاھلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۆزىنى تېخىمۇ يوقىـ-
تىپ قويۇشى، ئاقىۋەتتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن.
ئۇنداقتا سىلى سۇۋانخاندىن ئايرىلىپ قالىلا.
خانىش ئويلاپ باقسا توغرا، ئارزۇگۈلنى كۆزدىن يوقاتقاند-
دىلا سۇۋانخاننىڭ ھەسرەت ئوتىنى باسقىلى ۋە ئۇنى يەنە ئۆي-
لەپ قويغىلى بولىدىكەن.
يەنە ئاللايار گەپ تېشىپ:
— مۇمكىن بولسا، مەن ئۆزۈم مەخپىي ھالدا ئارزۇگۈلنى
چەتكە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم، — دەپتۇ. خانىش ماقۇل بوپـ-
تۇ. دىلمۇراد تېخىچە بىھوش بولۇپ، تىرىلىشىدىن ئۈمىد يوق
ئىكەن. ئارزۇگۈلنىڭ قولى باغلىنىپتۇ. ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ
قىلغان ئىلتىجاسىغا ئاساسەن، دىلمۇرادنى زاكىلاپ ئاغزىغا
چىشلىتىپ قويۇپتۇ. ئارزۇگۈلنىڭ بىر كۆزى قان، بىر كۆزى
ياش ھالدا ئاللايارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. ئۇلار نامازشام
بىلەن چۆلدىكى بىر پىنھان جايغا يېتىپ كەپتۇ. ئاللايار دەپتۇ:
— ھە، ئارزۇگۈل، ئاخىر قولۇمغا چۈشتۈڭ، مېنى تو-
نۇمسەن؟ مەن ئەسلىدە قاراخان پادىشاھ بولىمەن. سېنى قولغا
چۈشۈرىمەن، دەپ نى ئازابلارنى تارتتىم، پادىشاھلىق سۆلـ-
ـتىمنى تاشلاپ سەرسان - سەرگەردان بولدۇم. ئاقىۋەتتە بو-

گۈن قولۇمغا چۈشتۈڭ، رازى بولساڭ، سېنى ئۆز ئېلىمگە ئاپىرىپ قىرىق كۈن توي قىلىپ ئەمرىمگە ئالسام، — دەپتۇ. ئارزۇگۈل غەزەپ بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— مەن كىم، سەن كىم؟ مەن ئەسلىدە سېنىڭ قىزىڭ بولىمەن، سەن مېنىڭ دادام بولىسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدىڭ. مەن ھەرگىز ساڭا خوتۇن بولمايمەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!

ئاللايار: «خەپ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم» دەپ قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇشىغا، يىراقتىن كارۋان قوڭغۇرىقى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ كارۋان ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قول سالاي، دەپ تاشقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئاللايار راسا ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئارزۇگۈل دىلمۇرادنى چىشلىگەن ھالدا قېلىن توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئاللايار ئويغىنىپ قارىسا ئارزۇگۈل يوق، كارۋانلار ھەم يوق. ئۇئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ، ئارزۇگۈلنى تاپالماي ئاقتاش ئېلىگە ۋە ياكى قاراخان ئېلىگە قايتالماي كۆپ ئويلىنىپتۇ. ئاقتاش ئېلىگە باراي دېسە، كارۋانلار شۇ ياققا كەتكەن، ئەگەر ئارزۇگۈلنى كارۋانلار ئېلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھەممە سىرنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزىنىڭ قاراخان ئېلىگە قايتىشىنى لايىق كۆرۈپ ئاتقا مىنىپتۇ ـ دە، يولغا چۈشۈپتۇ. ئارزۇگۈل قولى باغلانغان، ئاغزىدا دىلمۇرادنى چىشلىگەن ھالدا توغراقلىق ئىچىدە ئۇدۇل كەلگەن ياققا مېڭىۋېرىپتۇ. يىراقتا بىر چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ چىراغ يورۇقىنى كۆزلەپ مېڭىپ، ئاخىر بىر ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆيدە بىر ئاقساقال بوۋاي ئولتۇرغانىكەن. ئارزۇگۈل ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. بوۋاي ئارزۇگۈلنىڭ قولىنى يېشىپ، بالىسىنى ئاپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ بوۋاي، — مېنىڭ ھېچنېمەم يوق،

ماڭا قىز بولۇڭ، ئوغلىڭىز دىلمۇراد ماڭا نەۋرە بولسۇن.

ئارزۇگۇل رازى بوپتۇ. بۇۋاي ئارزۇگۇلنى ئۆزىنىڭ قىد-ىزىدىن چارە كۆرۈپ كۈتۈپتۇ، دىلمۇرادنى تاغ گىياھلىرىدا دورا ياساپ ساقايتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئىشقى ئازاب كېسىلىگە يولۇققان سۇۋان-خاندىن ئاڭلايلى:

سۇۋانخان جەڭدىن قايتىپ كېلىپ خاس چارباغدا ئۆزد-نى پىنهانغا ئالغان بولسىمۇ، ئەرلىك ۋىجدانى جىسمىنى قىيناپتۇ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپتۇ، يۈرىكى لەختە - لەختە قانغا تولۇپتۇ، بىر مەجنۇن سىياقىغا كىرىپتۇ. بۇ هال ئوردا ۋە يۇرت ئەهلىنى قايغۇغا سالپتۇ. سۇۋانخاننىڭ دوستى بەخ-تىيارمۇ دوستىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۆلسە ئۆلۈپتۇ، تىرىلسە تىرىلىپتۇ. سۇۋانخاننىڭ كۈندىن - كۈنگە سولىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بەختىيار بىر كۈنى سۇۋانخاننى شىكار قىلىپ كېلىشكە كۆندۈرۈپتۇ. بەختىيار شىكار تەييار-لىقىنى قىلىپ، سۇۋانخاننى ئېلىپ، قىرىق مۇلازىم بىلەن ئاتلىنىپتۇ. شۇنچە يول يۈرسىمۇ، شىكار قىلغۇدەك بىرەر ئاڭ ئۇچرىتالماپتۇ. ئۇسساپ، هېرىپ، ئاخىر چەكسىز بىر توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. توغراق ئىچىدە ئۇيان مې-ڭىپ، بۇيان مېڭىپ بىر كونا ئۆينىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىر بۇۋاي چىقىپ كەپتۇ. سالام - سەهەتتىن كېيىن بۇۋاي سۇۋانخان، بەختى-يارلارنى تال باراڭ ئاستىغا باشلاپتۇ. سۇۋانخان بىلەن بەختى-يار ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، ئىككى ياشلاردىكى بىر بالا: «دادا» دېگىنىچە سۇۋانخانغا ئېسىلىپتۇ. سۇۋانخان هەيران بوپتۇ. شۇ ئارىلىقتا، ئۆي ئىچىدىن:

— بالام دىلمۇراد، ئۇ قارا يۈز سېنىڭ داداڭ ئەمەس، —

دېگەن بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

بەختىيار بىلەن سۇۋانخان: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ بوۋايغا قاراپتۇ. بوۋاي بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئارزۇگۈلمۇ ئۆي ئىچىدە يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى ۋە ئاللايارنىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. سۇۋانخان ئۆز خاتالىقىنى بويىنىغا ئاپتۇ ۋە ئارزۇگۈلنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئارزۇگۈل:

— ئەگەر راستتىنلا مەن بىلەن يارىشىشنى خالىسىڭىز، باشقىدىن توي قىلىمىز، بۇ بوۋاينى بىللە ئەكېتىمىز، بۇ بوۋاي مېنىڭ دادام بولسۇن.

سۇۋانخانىنىڭ كېسىلىمۇ تېزدىن ساقىيىپتۇ. يۇرتى ئاقتاش ئېلىگە قايتىپ قىرىق كۈن توي قىلىپ ئارزۇگۈلنى قايتىدىن ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ، ئاتا - ئانا ۋە بالا جەم بوپتۇ.

ئاللايارنىڭ جازاسىنى بېرىش ۋە ئارزۇگۈلنى بېقىۋالغان ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، سۇۋانخان قاراخان پادىشاھلىقىغا لەشكەر تارتىپتۇ.

قاراخان پادىشاھ ۋە سۇۋانخان ئوتتۇرىسىدا نەچچە كېچە - كۈندۈز جەڭ بوپتۇ. ئاخىر قاراخان پادىشاھ جەڭدە يېڭىلىپ، لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. قاراخان پادىشاھ ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. پادىشاھ سۇۋانخان ئاللايارنى، يەنى قاراخان پادىشاھنى تۆت كوچا ئېغىزىغا باغلاپ، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ. زىنداندىن ئېرنەزەر باغۋەن ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى بوشىتىپتۇ. ئارزۇگۈل ئاتا - ئانىسى بىلەن دىدارلىشىپ، شاد - خۇراملىقتا چۆمۈپتۇ. سۇۋانخان دادىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، قاراخان ئېلىگە پادىشاھ بولۇپ يۇرتنى ئادىل سوراپ، ئارزۇگۈل بىلەن مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

# قاغخورشاھىنىڭ ھالاكىتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھ ئۇچىغا چىققان زالىم بولغاچقا، پۇقرالىرىنىڭ كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان - يىرىڭ ئاقىدىكەن. پۇقرالار ھەددىدىن ئاشقان ئالۋان - سېلىقلارنى تۆلىيەلمىسە، زالىم پادىشاھ ھەر خىل قەبىھ جازالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى قاتتىق جازالايدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە كەچتە ئۆزى سالدۇرغان يوغان چاربېغىنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈرگۈدەكمىش. شۇ ئەسنادا پادىشاھ تىنىق زەڭگەر ئاسماندىكى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايغا قاراپتۇدەك. تولۇن ئاي پادىشاھنىڭ بىر قاراپ قويۇشى بىلەن تەڭ ئاستا - ئاستا يەر يۈزىگە چۈشۈشكە باشلاپتۇدەك. پادىشاھ بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ، ئۆز جايىدا تۇرۇپلا قاپتۇمىش. تولۇن ئاي بىردىنلا سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئوقتەك ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ-دەك. پادىشاھ بۇ ئىشتىن قورقۇپ كېتىپتۇ - دە، شۇئان ئويغىنىپتۇ.

ئۇ ئەتىسى قۇرئەنداز ۋە پالچىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. پالچى،

قۇرئەندازلار پادىشاھنىڭ چۈشىنى ئاڭلاپ بىرقۇر كىتاب كۆ-رۈشۈپتۇ ۋە پال ئېچىپ بېقىپتۇ، ئاندىن ھەممىسى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ غەزەپ بىلەن:

— سىلەر نېمىشقا چۈشۈمگە تەبىر بېرىشنى خالىمايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزەپلىك سوئالىدىن پالچى، قۇرئەندازلارنىڭ تەنلىرى ياپراقتەك تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇلار غالىلداپ تۇرۇپ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، تەختلىرى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولسۇن. سىلىنىڭ چۈشلىرىگە تەبىر بېرەيلى دېسەك، بەكمۇ بىمەنە تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. پادىشاھ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چۈشىگە تەبىر بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. پالچى، قۇرئەندازلار پادىشاھنىڭ چۈشىگە مۇنداق تەبىر بېرىشىپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، تەنلىرى ساغلام، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن. كۆرگەن چۈشلىرىدىن ئايان بولدىكى، سىلىنىڭ مەملىكەتلىرىدە شۇنداق بىر پالۋان ئوغۇل تۇغۇلىدىكەن، ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە سىلىنىڭ باشلىرىنى كېسىپ، تەنلىرىنى ئىككى پارچە قىلغۇدەك. شۇڭا، سىلى بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرۈشلىرى لازىمدۇر.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— جاللات! تىغىڭنى قان بىلەن سۇغار! — دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە پالچى، قۇرئەندازلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ، ئۆزى ھۇجرىسىغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. جاللات پالچى، قۇرئەندازلارنىڭ يىغلاپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، كاللىسىنى ئېلىپ جەھەننەمگە يوللاپتۇ.

پادىشاھ شۇ كۈنىلا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئەلدىكى پۈتۈن

ئايال زاتىنى قەتلىئام قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال زاتىنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ لەشكەر-لىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، ۋەزىرلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىمۇ بۇ پالاكەتتىن خالىي بولالماپتۇ.

بۇ زالىم پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مەملىكەتنىڭ ئەڭ يىراق چېتىدە بىر ئەر - خوتۇن دېھقان ياشايدىكەن. پا-دىشاھ قاباھەتلىك چۈش كۆرۈشتىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۇ دېھقانىنىڭ ئايالى بىر ئوغۇل تۇغقانىكەن. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئايال زاتىنى قەتلىئام قىلىش توغرۇلۇق چۈشۈرگەن پەرمانىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ، ئاخىر دېھقانىنىڭ ئايالى بالىسىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتى-دىن ئايرىلماقچى بوپتۇ. ئايال جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ قاپتۇ. ئايال دەرھال ئۆيگە يېقىن يەردىكى دەرياغا بالىسىنى تەڭنىگە سېلىپ تاشلاپتۇ. تەڭنە سۇ ئۈستىدە ئاستا - ئاستا ئېقىپ مېڭىپتۇ. ئايال دەريادىن يىراقلىشىپ قا-چاي، دەپ تۇرۇ-شىغا، پادىشاھ لەشكەرلىرىنىڭ قانلىق قىلىچى ئۇنىڭ كاللىسى-



نى ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئىرىمۇ بۇ پاجىئەگە بەرداشلىق بىرەلمەي يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ.

لەشكەرلەر مەملىكەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى قويماي ئارىلاپ ئايال زاتىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تۈگىتىپتۇ، قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەرلەرنىمۇ تىرىك قويماپتۇ. پادشاھ ئۈچ ياشتىن تۆۋەن ئوغۇللارنىمۇ ئۆلتۈرۈش پەرمانىنى چۈشۈرۈپتۇ. بۇ ئىشمۇ تولۇق ئورۇندىلىپ بوپتۇ. پادشاھ باشقا مەملىكەتلەردىن كەلگەنلەرنى ئۆز جايىغا ھەيدىۋېتىپتۇ، قوشنا ئەللەردىن ئۆز مەملىكىتىگە ھەرقانداق ئادەمنى كىرگۈزمەپتۇ، ئۆزى بولسا ھۇجرىسىدىن ھېچ يەرگە چىقماي قورقۇنچ ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ سەككىز يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاياللارنىڭ يوقلۇقىدىن ئەرلەر بەكمۇ زېرىكىشلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. بالىلار ئانىلارنىڭ ئىللىق مېھرىگە قانالماي، قۇرۇغان دەرەختەك تەشنالىق ئىلكىدە زار - زار قاقشاپتۇ. پادشاھ جان قايغۇسى بىلەن قالغاچقا، ھېچقانداق ئىشنى ئويلىماي، ئۆزىنىڭ بالدۇر چۈشۈرگەن پەرمانىنى تېخىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلدۇرۇپتۇ.

ئەمدى تەڭنىگە سېلىپ دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن بالىغا كېلەيلى:

بالا دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقاندا، بىر چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقلار بىلەن بىللە ئۇنى دەم تارتىپ يۇتۇۋاپتۇ. بۇ چوڭ بېلىق بالىنى قورسىقىدا ئىككى كۈن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىر قورسىقىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي قىرغاققا چىقىپ، بالىنى تەڭنە بىلەن بىللىلا قۇسۇپ تاشلاپتۇ - دە، ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ دەرياغا چۈشۈپ يىراقلاپ كېتىپتۇ. بۇ يەر قويۇق ئورمان بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان جاي ئىدى.

كەن. ئورماندا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن ئوۋچى قىرغاقتا ياتقان با-
لىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بالىنى كونا، ئاددىي كەپىسىگە ئېلىپ
كەپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئوۋچىنىڭمۇ ئايالىنى ياۋۇز پادىشاھ ئۆل-
تۈرۈۋەتكەچكە، دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، يەككە - يېگانە، ھېلىم
دىۋانە تۇرمۇش كەچۈرۈپ يۈرگەن، ئۆزى ناھايىتى باتۇر،
بەستلىك كەلگەن كىشى ئىكەن. ئوۋچى شۇنداق چىرايلىق
بىر ئوغۇل بالىنى تېپىۋالغانلىقىغا چەكسىز خۇشال بولۇپ،
بالىغا پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، ئۇنى كۆڭۈل
قويۇپ تەربىيىلەشكە باشلاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ،
بالا ھەم ئەقىللىق، ھەم كۈچتۈڭگۈر بولۇپ ئۆسۈشكە باشلاپ-
تۇ. ئۇ زېرىكىپ قالسا، ئورمانلىقتىكى يىلپىز، شىر،
يولۋاسلار بىلەن چېلىشىپ ئوينايدىكەن.

بىر كۈنى بالا ئوۋچىدىن:

— سىز مېنىڭ نېمەم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوۋ-
چى ئويلانماستىنلا:

— داداڭ بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەمىسە، ئاپام كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوۋچى
گەپ - سۆز قىلماپتۇ. بالا قايتا - قايتا سوراپ تۇرۇۋالغاند-
دىن كېيىن، ئوۋچى ئۆزىنىڭ ئۇنى دەريا قىرغىقىدىن تې-
پىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەي-
دىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بالا بۇ گەپلەرنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تېپىش مەق-
سىتىدە يىراقلارغا سەپەر قىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن يېزا، مەھەللى-
لەرنى ئارىلاپ بىرمۇ ئايال زاتىنى ئۇچرىتالماي، كىشىلەردىن
بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭ ياۋۇز پادىشاھنىڭ
ئىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ھەم يەنە: «بالام، سەنمۇ
جېنىڭنى ياقىغا ئالغىن، ئەگەر پادىشاھنىڭ ئادەملىرى كۆرۈپ

قالسا سىنىمۇ تىرىك قويمايدۇ» دەپتۇ. بالا شۇندىلا بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ ـ دە، ئۇدۇل شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ.

پادىشاھ ھۇجرىسىدا قورقۇنچ ئىچىدە ئولتۇرسا، بىر ياساۋۇل ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— شاھ ئالىيلىرى، چاتاق بولدى. سەككىز ياشلىق بىر ئوغۇل بالا شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ، تىغ ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ ئوردىغا كەلمەكتە، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ پۈتۈن لەشكەرلىرىگە ھېلىقى سەككىز ياشلىق ئوغۇل پالۋاننى يوقىتىش بۇيرۇقى بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ھەممە لەشكەرلىرى، ھەتتا ۋەزىرلىرىمۇ قاتتىق جەڭ قىلىش داۋامىدا سەككىز ياشلىق ئوغۇل پالۋاننىڭ قىلىچى ئاستىدا جان بېرىپتۇ. پەقەت پادىشاھ ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. كىچىك پالۋان پادىشاھقا نەپرەت بىلەن:

— ئەي غالجىر ئىت نەسلى، كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، سەن نۇرغۇنلىغان ئانىلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپسەن، بىگۇناھ نارەسىدە بالىلارنى قانلىق قىلىچىڭغا يەم قىپسەن. مەن سەن ئۆلتۈرگەن ئاشۇ بىگۇناھ ئانىلار ئىچىدىكى بىر ئانىنىڭ بالىسى، — دەپ ئۆزىنىڭ ئاڭلىغان ـ بىلگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ سۆزلىشىگىمۇ يول قويماي، قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپتۇ. زالىم پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى خەلق سەككىز ياشلىق بۇ پالۋاننى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز مەملىكىتىنى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئۆتۈپتۇ.

# ئىلىم-ھېكمەتنىڭ خاسىيىتى

ئۆتكەن زاماندا مەلۇم بىر شەھەردە بىر كەمبەغەل كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان شەمشىدىن ئىسىملىك ئارزۇلۇق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. بۇ كىشى شەمشىدىننى بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە بايلارغا كېچە - كۈندۈز چاكار ئىشلەپ پۇل توپلايدىكەن. شەمشىدىن يەتتە ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. شەمشىدىن زېرەك، ئەقىللىق بالا بولغاچقا، مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن باشلاپ ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپتۇ، باشقا ساۋاقداشلىرىغا قارىغاندا بەكمۇ تىرىشىپ ئوقۇپتۇ.

شەمشىدىن بىر كۈنى ئەزىز، ئىبراھىم ئىسىملىك ساۋاقداشلىرى بىلەن بازارغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا نۇرغۇن ئادەم تامغا چاپلانغان بىر ئېلاننى ئوقۇۋاتقۇدەك. بۇلارمۇ ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ كىرىپ ئېلاننى ئوقۇپتۇ. ئېلاندا: «كىم بەش يۈز تىللا تاپشۇرسا، ھېساباتچىلىق ئۆگىتىپ قويۇلىدۇ» دېيىلگەنىكەن. شەمشىدىن ئىككى ساۋاقدىشىغا:

— بىز ھېساباتچىلىقنى ئۆگەنسەك قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت سايتۇ.

— تۆلەيدىغان پۇلىمىز يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئە-
زىز، ئىبراھىممۇ شۇنداق دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شەمشىدىن، — مەن ئوقۇي-
سىلەر مەكتەپكىلارغا كېتىۋېرىڭلار، — دەپ قويۇپ ئۆيىگە
كېتىپتۇ.

شەمشىدىن ئۆيىگە بېرىپ، كوچىدا كۆرگەن ئېلاننىڭ
مەزمۇنىنى دادىسىغا دەپ بېرىپتۇ ۋە ھېساباتچىلىقنى ئۆگە-
نىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى شەمشىدىننىڭ ئۆگىنىش
ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تېرىد-
شىپ - تىرمىشىپ تاپقان پۇلىدىن بەش يۈز تىللا بېرىپتۇ.
شەمشىدىن بەش يۈز تىللانى ئاپىرىپ تاپشۇرۇپتۇ. ئۆگىنىش
بىر يىل داۋام قىپتۇ، بىر يىل ئىچىدە شەمشىدىن تىرىشىپ
ئۆگىنىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشىنى تۈگىتىپتۇ، ئوقۇشىد-
نى تۈگىتىپ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، دادىسىغا ھەمكارلىد-
شىپ كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە چاكار ئىشلەپتۇ.

بىر كۈنى شەمشىدىن كوچا ئايلىنىش ئۈچۈن بازارغا چىد-
قىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بازار دوقمۇشىدا نۇرغۇن ئادەم بىر
ئېلاننى ئوقۇۋاتقۇدەك. شەمشىدىنمۇ بېرىپ ئېلاننى ئوقۇپتۇ.
ئېلاندا: «ھېكمەتلىك ئەينەكنىڭ سىرى ئۆگىتىلىدۇ، ئۆگە-
نىشنى خالىغۇچىلار بەش يۈز تىللا تاپشۇرىدۇ» دېيىلگەنىكەن.
شەمشىدىن، بىچارە دادام مېنى بېقىش ئۈچۈن جاپا چېكىپ
بايلارغا ئىشلەۋاتىدۇ، ھېساباتچىلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بەش
يۈز تىللا تۆلىدى، بۇ ھېكمەتنى ئۆگىنەي دېسەم نەدىمۇ پۇل
بولسۇن دەپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ.
دادىسى شەمشىدىننىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش
بولغانلىقىنى سوراپتۇ. شەمشىدىن شەھەرگە چاپلانغان ئېلاد-
نىڭ مەزمۇنىنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. دادىسى قاتتىق



ئويلىنىشتىن كېيىن:

— خەير، بوپتۇ، ئۆگەنگىن، مەن كىشىلەردىن پۇل سوراپ باقاي، — دەپ شەمشىدىننى خاتىرجەم قىپتۇ.

ئەتىسى دادىسى بەش يۈز تىللانى شەمشىدىنگە تۇتقۇزۇپ ماڭغۇزۇپتۇ. شەمشىدىن مەكتەپكە بېرىپ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ. ئوقۇغاندىمۇ شۇنداق تىرىشىپ ئوقۇپتۇكى، ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ، بىر دانە ھېكمەتلىك ئەينەكنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى شەمشىدىن بازارغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بازار دوقمۇشىدا يەنە نۇرغۇن ئادەم ئېلان ئوقۇۋاتقۇدەك. بېرىپ ئېلاننى ئوقۇغۇدەك بولسا، ئېلاندا: «ھەر خىل سازلارنى چېلىشنى ئۆگىتىمىز، ئىختىيار قىلغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن، ھەققى بەش يۈز تىللا» دېيىلگەنىكەن. بۇ ئېلاننى كۆرگەن شەمشىدىننىڭ روھى تېخىمۇ چۈشۈپ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. دادىسى تاماق بەرسىمۇ يېمەپتۇ، گەپ قىلسا، گەپكە جاۋاب بەرمەپتۇ ھەم بىر كېچە كۆز يۇمماپتۇ. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن دادىسى شەمشىدىندىن نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى سوراپتۇ. شەمشىدىن ئىلاجسىز كوچىدا كۆرگەن ئېلاننىڭ مەزمۇنىنى دادىسىغا

سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەر خىل سازلارنى چېلىشنى ئۆگىنىپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى:

— ئەي جېنىم ئوغلۇم، سېنىڭ مېنىڭدىن كېيىن قىلىپ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە لازىم بولىدۇ، دەپ سېنىڭدىن سىر ساقلاپ، يېرىم ئۆمۈر ئىشلەپ تاپقان بىر مىڭ بەش يۈز تىللا پۇلنى يەرگە كۆمۈپ ساقلىغانىدىم، ئىككى قېتىملىق ئۇچۇن مىڭ تىللا كەتتى. بوپتۇ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، جاپا تارتساممۇ بۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كېتەر، — دەپ ئەڭ ئاخىردا قېپقالغان بەش يۈز تىللانى شەمشىدىنگە تۇتقۇزۇپ ماڭغۇزۇپتۇ.

شەمشىدىن تىرىشىپ ئوقۇغانلىقى ئۇچۇن بىر يىل ئىچىدە ھەر خىل سازلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ چالالايدىغان، ئۇنىڭ چالغان سازلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم، ھەتتا ئۇچار قۇشلارمۇ بىھوش بولۇپ كېتىدىغان ماھىر سازەندە بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ.

بىر كۈنى شەمشىدىن روھى چۈشكۈن ھالدا بازار ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، بىر توپ ئادەم تامغا چاپلانغان بىر ئېلاننى ئوقۇۋاتقۇدەك. شەمشىدىن كۆڭلىدە، ئۈچ قېتىم دادامنىڭ ئاران تەستە يىغىپ توپلىغان پۇللىرىنى سەرپ قىلىپ ئوقۇپتىمەن، ئوقۇغىنىم ئەسقاتمىدى، بۇ ئېلاننى كۆرۈپ نېمىمۇ قىلارمەن، بولدى، ئوقۇمايلا قوياي، دەپ كەينىگە يېنىپ بولۇپ، يەنە، بوپتۇ، كۆرۈپ باقسام باقاي، دەپ قايتىپ كېلىپ ئېلاننى ئوقۇپتۇ. ئېلانغا قارىغۇدەك بولسا، بۇ شەھەرگە مىسىردىن كەلگەن بىر كارۋان بېشىنىڭ ھېسابقا ئۇستا بىر ئادەم ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلان ئىكەن. ئېلاننى كۆرگەن شەمشىدىن ئىنتايىن خۇش بوپتۇ ـ دە، دەرھال مىسىردىن كەلگەن كارۋان بېشىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. كارۋان بېشى:

— سەن نېمە ئىش قىلالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شەمشىدىن:

— مەن ھەرقانداق ھېسابات ئىشلىرىنى قىلالايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كارۋان بېشى:

— ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ تۆت مىڭ سەككىز يۈز تۆگى-لىك يۈكىمىز بار، بۇنى ساتساق قانچە پۇل بولىدۇ؟ پايدىسى قانچىلىك بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋە ماللارنىڭ تۈر - خى-لىنى، ئېلىش - سېتىش باھالىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شەم-شىدىن بىردەمنىڭ ئىچىدە تۆت مىڭ سەككىز يۈز تۆگىلىك يۈكنىڭ ھېساباتىنى ۋە پايدىسىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كارۋان بېشى كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇپ، شەمشىدىننى



ھېساباتچىلىقتا ئې-لىپ قاپتۇ ھەم بىر يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر مىڭ بەش يۈز تىللا پۇلنى شەمشىدىنگە تۇتقۇزۇپ، ئەتىسى يولغا چىقماقچى ئى-كەنلىكىنى ئېيتىپ-تۇ. شەمشىدىن:

— قېرىپ قال-غان دادام بار، مې-نىڭدىن باشقا ھېچ-نېمىسى يوق، دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ رازىلىق ئې-لىپ كېلەي، —

دەپتۇ كارۋان بېشىغا. كارۋان بېشى رۇخسەت قىپتۇ.

شەمشىدىن ئۆيىگە بېرىپ، ئەھۋالنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. دادىسىنىڭ ئوغلىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەپتۇ. شەمشىدىن:

— ئەي مېھرىبان دادا، ئۈچ يىلدىن بېرى ئوقۇيمەن، دەپ سىزگە نۇرغۇن چىقىم قىلدۇردۇم، ئەمدى ئوقۇغاننىڭ راھەتنى كۆرىدىغان ۋاقىت كەپتۇ، راھەت كۆرىدىغان چاغدا نېمىشقا ئۇنىمايسىز؟ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ، خۇدا ئامان قىلسا پات يېقىندا كۆرۈشىمىز، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھەم كارۋان بېشى بەرگەن بىر مىڭ بەش يۈز تىللانى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. دادىسى ئىلاجسىز شەمشىدىنگە رۇخسەت قىپتۇ.

كارۋانلار ئەتىسى يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، بىر قۇملۇق باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ، ئىچىدىغان سۇلىرى تۈگەپتۇ، ئادەم ۋە تۆگىلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاشقا باشلاپتۇ، شەمشىدىنمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن قاتتىق بىئارام بوپتۇ، ئەتراپقا قارىسا، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرى سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇدەك. كاۋان بېشىمۇ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ قاتتىق ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ ۋە ئىككى ئادەمنى سۇ تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ، لېكىن ئۇلار بىر كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. مۇشۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدا، شەمشىدىن ئېلىۋالغان ھېكمەتلىك ئەينەك بىلەن ئەتراپقا قارىغانىكەن، بىر يەردە بىر قۇدۇقنى كۆرۈپتۇ.

— مۇشۇ يەردىن ئازراق ماڭساق قۇدۇق بار يەرگە بارغۇدەكمىز، — دەپتۇ شەمشىدىن كارۋان بېشىغا.

ئۇلار بۇ يەردىن قوزغىلىپ، ئۇزۇنغا قالماي قۇدۇق بار يەرگە كەپتۇ. قۇدۇققا قارىسا، ئاغزى تاش بىلەن مەھكەم ئې-

تىلگەنىكەن. كارۋانلار قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى ئېلىۋېتىپ قارىسا، قۇدۇق چوڭقۇر بولۇپ، سۇنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلگىلى بولماپتۇ. كارۋان بېشى:

— قۇدۇققا قايسىڭلار چۈشۈپ قاراپ باقىسىلەر؟ — دەپتۇ ئەتراپتا تۇرغانلارغا. قۇدۇققا چۈشۈشتىن قورقۇپ، بۇ گەپكە ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمەپتۇ. شەمشىدىن:

— قۇدۇققا مەن چۈشۈپ باقاي، — دەپتۇ.

شەمشىدىن ئارغامچا بىلەن بېلىنى باغلاپ قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ، سۇنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىپتۇ.

كارۋانچىلار ئارغامچىغا چېلەكنى باغلاپ قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈرۈپتۇ. شەمشىدىن سۇ ئالاي، دەپ چېلەكنى شۇنداق سۇغا سالغانىكەن، سۇ ئاستىدا ھەددى - ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجانلار تۇرغۇدەك. ئۇ چېلەككە سۇنى توشقۇزۇپ قۇدۇق بېشىغا چىقىرىپ بېرىپتۇ. ئادەملەر، تۆگىلەر تەشنالىققا قېنىپتۇ ۋە قاپاق - قاچىلىرىغا سۇ قاچىلاپتۇ. كارۋان بېشى شەمشىدىننى قۇدۇقتىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن چېلەكنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈپتۇ. شەمشىدىن چېلەككە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجانلارنى سېپتۇ. كارۋان بېشى چېلەكنى تارتىپ قارىغۇدەك بولسا، چېلەكتە ئالتۇن - كۈمۈش تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن كارۋان بېشى ھەيران قېلىپ، خۇشاللىقىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى قويماي چىقىرىشنى بۇيرۇپتۇ. شەمشىدىن كارۋان بېشىنىڭ دېگىنى بويىچە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. قۇدۇقتا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلگەن كارۋان بېشىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، شەمشىدىننى قۇدۇق ئىچىدە قالدۇرۇپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

بۇلار ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرسۇن، گەپنى شەم-
شىدىندىن ئاڭلايلى:

شەمشىدىن ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۆلۈم خەۋپىنى،
كارۋان بېشىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، دادىسىنىڭ قايسى كۈنلەرنى
كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، خۇدادىن مەدەت تىلەپ ئۈچ كېچە -
كۈندۈز قۇدۇق ئىچىدە تۇرۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى قۇدۇق ئىچىد-
گە سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، قۇدۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن
ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ. ئۆڭكۈرنى كۆرگەن شەمشىدىن، يېتىپ
ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆلگەن ياخشى، ئۆڭكۈرگە كىرىپ باقاي،
خۇدا ئامان قىلسا بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەرمەن، دەپ
ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ خېلى ئۇزۇن مېڭىپتۇ. بىر چاغدا
بىر دەرۋازا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ دەرۋازىدىن شۇنداق ئاتلاپتىكەن،
بىر چارباغقا كىرىپ قاپتۇ. باغدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىل-
غان، بۇلبۇللار سايراۋاتقان، ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ كەت-
كەن، گۈللەر ئىچىدە ئالتۇندىن سېلىنغان ئۆي، ئۆينىڭ ئال-
دىدىكى سۇپىدا ئالتۇن تەخت تۇرغان، لېكىن بىرمۇ ئادەم
يوق. شەمشىدىن بۇ مۆجىزاتلارنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن
ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەل قورقۇپتۇ. ئۇ، ئادەمگە
بىر ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم، يۈز ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم، خۇدا ئۆم-
رۈمنى بەرسە ھايات قالارمەن، بولمىسا مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ
تۈگەرمەن، دەپ ئويلاپ ھېلىقى ئالتۇن ئۆيگە كىرسە، تامغا
ئېسىقلىق، ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ نۇر چېچىپ تۇر-
غان بىر راۋابقا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەمشىدىننىڭ
كۆڭلى سۆيۈنۈپ، راۋابنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق بىر چالغا-
نىكەن، راۋابنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغان بۇلبۇللار سايراشتىن توخ-
تاپ راۋابنىڭ قۇلىقىغا قونۇشۇپتۇ.

ئەسلىدە بۇ يەر دىۋىلەر شەھىرى ئىكەن. سىرتقا چىقىپ



كەتكەن دىۋە ـ پەرىلەرمۇ راۋابنىڭ ئۈننى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىپ بىھوش بولۇشۇپتۇ. شەمشىدىن پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن راۋاب چالغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپتىكى دىۋىلەرنى كۆرمەپتۇ. بىر چاغدىن كېيىن راۋاب چېلىشنى توختىتىپ يېنىغا قارىسا، بىھوش بولۇپ يېتىپ كەتكەن دىۋە ـ پەرىلەر تۇرغۇدەك، شەمشىدىن ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ. بىرهازادىن كېيىن دىۋىلەر پادىشاھى ھوشىغا كېلىپ:

— سەن ئادەمزاتمۇ ياكى دىۋە ـ پەرىمۇ؟ ئادەم بولساڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شەمشىدىن دىۋىلەر پادىشاھىغا بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاڭغىچە بىھوش ياتقان دىۋە ـ پەرىلەرمۇ ھوشىغا كېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، شەمشىدىننىڭ سۆزىنى تىڭشاپتۇ. دىۋىلەر پادىشاھى شەمشىدىننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ رەھمى كەپتۇ، ئۇنى ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ ھەم بۇ يەرنىڭ دىۋىلەر ماكانى ئىكەنلىكىنى، باغ ئىچىدىكى خالىغان يەرلەردە سەيلە ـ ساياھەت قىلىشنى، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن شەمشىدىننىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ. شەمشىدىن دىۋىلەر پادىشاھى دېگەندەك، باغلارنى ئەركىن ـ ئازادە سەيلە قىپتۇ،

هەر كۈنى دېۋىلەر پادىشاھىغا ساز چېلىپ بېرىپتۇ. دېۋىلەر پادىشاھى شەمشىدىنگە ئۆز ئادىمىدەك ئىشەنچ بىلەن قاراپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى شەمشىدىن دادىسىدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغانلىقى، دادىسىنىڭ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشى قىلىپ، بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەپتۇ - دە، دېۋىلەر پادىشاھىغا بۇ يەردىن كېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئىزھار قىپتۇ. دېۋىلەر پادىشاھىمۇ بۇ يىگىتنىڭ ئەقىللىق، زېرەك، ۋاپادارلىقىغا قايىل بولۇپ، كېتىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. ئۇ شەمشىدىندىن:

— سېنى قەيەرگە ئاپىرىپ قويىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. شەمشىدىن:

— مېنى يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قويساڭلارلا بولىدۇ، — دەپتۇ. دېۋىلەر پادىشاھى:

— بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شەمشىدىن:

— مەن سىلەردىن ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلمايمەن. دادامنىڭ قېشىغا كېتىش جەريانىدا خېيىمخەتەرگە يولۇقۇپ قالمىساملا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دېۋىلەر پادىشاھى بۇ تەلەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىگىتنىڭ سەمىمىي - ساداقىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ:

— ئۇنداق بولسا، بىر ئات، بىر دانە ئەڭگۈشتەر بېرىدمەن، بۇنى ئېلىپ يولغا چىقساڭ، نەگىلا بارساڭ خېيىمخەتەرگە يولۇقمايسەن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەن چاغلاردا ئەڭگۈشتەرگە قاراپ مېنى ياد ئەتسەڭ ساڭا ياردەمدە بولىمەن، — دەپ بىر ئات، بىر دانە ئەڭگۈشتەرنى بېرىپ، شەمشىدىننى يەر ئۈستىگە ئاچىقىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

شەمشىدىن دىۋە پادىشاھى بىلەن خوشلىشىپ، ئاتىنىڭ بېشىنى يۇرتى تەرەپكە قارىتىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. يولدا ھېچ-قانداق خېيىمخەتەرگە يولۇقماي، بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەمشىدىن ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەي جانىۋار، مېنى بۇ يەرگە ساق - سالامەت يەتكۈ-زۈپ قويدۇڭ، ساڭا رەھمەت، ئەمدى ئۆز ماكانىڭغا كەتكەيسەن، — دەپ ئاتنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئات بىر كىشنەپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شەمشىدىن كەلگەن شەھەر شۇنداق بىر ئاۋات شەھەر ئىدى. كەنكى، بۇ شەھەرنىڭ گۈزەللىكىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن ئىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىپ يۈ-رۈپ بىر سارايغا چۈشۈپ، ئەتىسى كوچا ئايلانغىلى چىقسا، شەھەر خەلقى كەلگۈن سۇدەك شەھەرنىڭ سىرتىغا قاراپ يۈگۈ-رۈشۈپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن شەمشىدىن بىر بوۋايدىن:

— بوۋا، بۇ ئادەملەر نېمىگە شۇنچە يۈگۈرۈشۈپ كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم، سەن باشقا بىر جايدىن كېلىپ قالغان ئوخ-شايسەن. شەھىرىمىزنىڭ پادىشاھى دۇنيادىن ۋىدالاشقىلى بۈ-گۈن ئۈچ كۈن بولدى. شەھىرىمىزدە بىر دۆلەت قۇشى بار. پادىشاھ ۋاپات بولغان كۈندىن بۇيان ھەركۈنى شۇ قۇشنى قو-يۇپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ كىشى پادىشاھ بولىدۇ. بۇ قۇش ئۈچۈۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولدى، تې-خىچە ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىدى. بۇلار شۇ قۇشنىڭ كىمە-نىڭ بېشىغا قونىدىغانلىقىنى كۆرگىلى كېتىپ بارغان ئادەم-لەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شەمشىدىنمۇ ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ، تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. قارىسا، بوۋاي دېگەندەك

بىر قۇش ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئايلىنىپ يۈرگۈدەك. خالايىق
قولىغا بىر پارچىدىن گۆش ئېلىپ، قۇشنى «كە - كە» دەۋات-
قۇدەك. بىر چاغدا قۇش ئاسماندىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ شەمشى-
دىنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ، شەمشىدىن قۇشنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ،
قۇش يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قونۇۋاپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ قې-
تىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەر خەلقى شەمشىدىن-
نى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، پادشاھلىققا تەيىنلەپتۇ. يېڭى
پادشاھنىڭ شەرىپى ئۈچۈن قىرىق كېچە - كۈندۈز زىياپەت
ئۆتكۈزۈپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى شەمشىدىن شاھانە كىيىم-
لەرنى كىيىپ، تەختتە ئولتۇرۇپ شاھلىق يۈرگۈزۈشكە كى-
رىشىپتۇ. دەل شۇ كۈنى ھېلىقى كارۋانلارمۇ بۇ شەھەرگە
سودىگەرچىلىك قىلغىلى كېلىپ قاپتۇ. ئادەت بويىچە سىرت-
تىن كەلگەن سودىگەرلەر پادشاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ، پادشاھ-
تىن سودا قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشى كېرەك ئىكەن.
كارۋان بېشى پادشاھتىن رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن ئوردىغا
بېرىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ئۆزى ياللىۋېلىپ قۇدۇق
ئىچىدە قالدۇرۇپ كەتكەن شەمشىدىن. شەمشىدىنمۇ كارۋان
بېشىنى تونۇپتۇ - دە، شۇئان كارۋان بېشىنى زىندانغا
تاشلاشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن شەھەر ئوتتۇ-
رىسىغا دار ياسىتىپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ، كارۋان
بېشىنى دار ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن قىلمى-
شىنى ئېلان قىلىپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شەمشىدىن ئۈچ يىل ئوقۇغان ئىلىم -
ھېكمەتنىڭ خاسىيىتى بىلەن پادشاھ بولۇپ، دادىسىنى يې-
نىغا ئەكېلىپ، شەھەرنى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئۆمرىنى
ئۆتكۈزۈپتۇ.

[General Information]
书名=维吾尔民间故事 12  维吾尔文
SS号=40250813